

# شىنجاڭ ياشلىرى

新疆青年

2016.2

Xinjiang Youth

ISSN 1002-9109




# 2015.4.18

## شىنجاڭ تۇمارىس سودا سارىيىنىڭ قۇرۇلۇش باشلاش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى!

2015 - يىلى 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سەھەردىلا ئۈرۈمچى شەھىرى جىنىين يولى 126 - نومۇر شەرقىي ئايلانما بازىرىنىڭ ئودۇلىغا جايلاشقان كۆلىمى 7472 كۋادرات مېتىر بولغان مەيداندا نەچچە يۈزلىگەن تۇمارىسلىقلار تەسۋىرلىگۈسىز ھاياجان ئىلكىدە ئەڭ تەنتەنىلىك دەقىقىلەرنى كۈتۈۋالدى. چۈنكى بۈگۈن ئۇزاق ۋاقىت پۇختا ئويلىنىش، پىلانلاش، نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلارنى مۇجەسسەملىگەن تۇمارىس سودا سارىيىنىڭ قۇرۇلۇش باشلاش، لېنتا كېسىش، ئۇلىغا تۇپا تاشلاش مۇراسىمى!!!

ئۇ تۇمارىسلىقلارنىڭ، تۇمارىس جەمەتىنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇ - ئارمانلارنى ئۆزىدە مۇجەسسەم تاپقۇزغان چوڭ قۇرۇلۇش، مىللىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئۆلگە نامايەندىسى بولغان كاتتا ئىمارەت، ھەممە ئۇنىڭدىن شاتلانغۇسى، خۇشاللىق تاپقۇسى!

تارىختىن بۇيانقى شانلىقناملارنى قالدۇرغان ئاكا - ئۇكا مۇسايوف جەمەتى، تاشاخۇنۇملار جەمەتى، مەخسۇت مۇيىتىلار جەمەتىدەك مۆتىۋەر سودىگەرلەرنىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىۋاتقان ئابلەت ھاجىم جەمەتى چوڭ ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ خەلق مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ ئۇزۇن يىللىق كۈرەشلەر ئارقىلىق تىكلىگەن نەتىجىلىرى بىلەن ئاۋامنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلدى، تۇمارىس سودا سارىيى بىز تۇمارىسلىقلارنىڭ، ئاۋام - خەلقنىڭ گۈزەل تىلەكلىرى يۇغۇرۇلغان بۈيۈك قۇرۇلۇش! تۇمارىسلىقلار بۇ بۈيۈك قۇرۇلۇش ئارقىلىق پۈتۈن جامائەت بىلەن ئورتاق قاناتلىنىپ گۈزەل كېلەچەكنىڭ ئورتاق شادلىقىدىن تەڭ بەھرىمان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ!

مۇراسىمغا ھەر ساھە زاتلار قاتنىشىپ، بۇ قۇتلۇق مىنۇتلاردىن تەڭ شادلىنىپ ئەڭ ياخشى تىلەكلەرنى ئىپادىلەشتى! سامالار ئويلىنىپ شادىيانە ئۇسسۇللار ھەممىنى ھاياجانغا سالدى! قەدىمىڭگە مۇبارەك تۇمارىس سارىيى!!!



شىنجاڭ تۇمارىس سودا سارىينىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈلىشى

شىنجاڭ تۇمارىس سودا سارىيى بولسا شىنجاڭ قورغاس سودا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى 500 مىليون مەبلەغ سېلىپ قۇرۇۋاتقان سودا ، ئىشخانا، تۇرالغۇ، يېمەك - ئىچمەك، ساياھەت بىر گەۋدىلەشكەن، جەمئىي 30 قەۋەت ، ئېگىزلىكى 108 مېتىر بولغان ئونىۋېرسال ئىقتىدارلىق قۇرۇلۇش گەۋدىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى جىنىين يولى 126 - نومۇر شەرقىي ئايلانما بازىرىنىڭ ئودۇلىغا جايلاشقان بولۇپ، خەلقئارا چوڭ بازار بىلەن قوشنا كېلىدۇ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 7472 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ساراي قۇرۇلۇشى 2015 - يىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى رەسمىي باشلىنىپ، 2018 - يىلى 5 - ئايدا تىجارەت باشلىشى مۆلچەرلەنمەكتە.



# ياشلىق ھېكمەتلىرى

◉ ئامانگۈل نىياز

ياشلىق — ھاياتلىق مۇنارىنىڭ ئالتۇن خەرىتىسى، مۇنارنى قانداق شەكىلدە ياساش ۋە زىننەتلەش ئىرادەڭگە باغلىق.

ياشلىق — شۇنداق بىر كارامەتكە ئىگە ئىكەنكى، ئۇ كۆكتىكى لەرزان بۇلۇت، كۈندۈزدىكى نۇرلۇق قۇياش، زىمىستاندىكى باھار، كۆزدىكى قىزارغان دالا.

ياشلىق — پاراسەت يۈكسەكلىكى بىلەن ھېسسىيات ئەسەبىيلىكىنىڭ ئەتىۋارلىق ئۇلجىسى، شۇنداقلا گۈزەللىك پەسلىدىكى قۇشلار ئەگىپ كېتەلمەيدىغان خۇشپۇراقلىق چاھار باغ.

ياشلىق — سۆيگۈ دېڭىزىنىڭ ئۆركەشلىشى، ۋىسال جەمگاھىنىڭ ۋىلىقلىشى، ئارمان شامالىلىرىنىڭ مېلودىيەلىك پەپىلىشى، غەلىبە سەھنىسىدىكى ئالقىشقا تولغان تەبەسسۇمدىن بارلىققا كەلگەن جۇشقۇن لىرىكا!

ياشلىق — جۇلالىنىپ تۇرغان بىر دەستە گۈل، پاراسەتلىك مېھنەتكارنىڭ ئۈزلۈكسىز پەرۋىشلىشىدىن زېمىن جىلۋىگەر، كائىنات مىننەتدار.

ياشلىق — تەڭداشسىز گۈزەللىكنى مۇجەسسەم قىلغان ھەسەن - ھۈسەن، يامغۇرلۇق تۈندىكى چاقماق، قەدىرلىمىگەنلەرنىڭ قەلبىنى ئۆرتەيدىغان ئەلەملىك چوغ!

ياشلىق — ئەقىل كامالىتى ۋە شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئۆتكۈنچى دەۋر، مۇشۇ دەۋردە تاغلار دېڭىزغا، ئېدىرلار تۈزلەڭلەرگە، يۇلتۇزلار مارجانغا ئايلىنىپ كېتىشتىن بەكمۇ قورقىدۇ.

(ئاپتور: ئاقسۇ شەھەر ئىگەچى يېزا مەركىزىي قوش تىل بالىلار يەسلىسىدە)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com



نەشرىيات باشلىقى: يۈ شيۈخۇا
نەشرىيات باش مۇھەررىرى: جۇرئەت سەيپۇل
نەشرىيات مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مجت تۇرسۇن







شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى پەرۋىش ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى ــ پەردە
(ئۈرۈمچى «جۇپ قول كەسپىي سۈرەتخانىسى» تارتقان)

# مۇندەرىجە CONTENTS

## باشلام سۆز

ياشلىق ھېكمەتلىرى ........................... ئامانگۈل نىياز

## ياشلىق خاتىرىسى

مېھىر ــ مۇھەببەت ئەلچىسى ــ پەردە ........................ ئالىم كېرىم كۆكئالىپ 4

## سۆزۈك تەسەۋۋۇر

مېنىڭدىكى مەن ........................................... ئەزىزى 8

## سىرداشلار سەيلىگاھى

ھېكمەت تەرەمچىلىرى.............................. ئابدۇقەييۇم ئېلى 15
ھاياتلىق سىناق مەيداندۇر.................................................
ئابدۇغوپۇر ئابدۇرېھىم 18




«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
新疆青年维文部编
شىنجاڭ ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر گېزىت ــ ژۇرناللار نەشرىياتى نەشر قىلدى
新疆青少年报刊社出版

يېرىم ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال (2 ــ 2016)

ئىجرائىيە باش مۇھەررىرى:
ئەسقەر ياسىن
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:

تەھرىر بۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئالىم كېرىم كۆكئالىپ

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى، تېخنىكا رېداكتور:
ئەنەسجان مۇھەممەت

مەسئۇل كوررېكتورى:
نۇرگۈل روزى
دىلنۇر ھىمىت (تەكلىپلىك)

پوچتا نومۇرى : 830002
ئېلان ئىجازەت نومۇرى:
6500006000034

شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
新疆八艺印刷厂印刷
ژۇرنال نامىنى ئابلىكىم ئەھمەت يازغان

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى:
(国际标准连续出版物号): ISSN1002 - 9109
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى:
(国内统一连续出版物号): CN65 - 1029/C
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: (邮政代码) 58 - 50
پوچتا نومۇرى: (邮政编码) 830002
مۇشتەرى باھاسى: (定价/元) 8.00 يۈەن
پارچە باھاسى: (定价/元) 10.00 يۈەن

地址：乌鲁木齐市建设路324号
成基大厦6楼601室







«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى بۇلاق كىتابخانىسىدىن خۇسۇسىي كىتابخانىلار ۋە ئوقۇرمەنلەرگە تارقىتىلىدۇ. مۇشتەرى بولغۇچىلار ۋە كىتابخانىلار «بۇلاق كىتابخانىسى» بىلەن ئالاقىلىشىڭ.
مۇلازىمەت تېلېفونى: 8562081، 8521633 ـ 0991

بۇلاق كىتابخانىسى ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلارغا ۋە ئوقۇرمەنلەرگە قىزغىن سالام يوللايدۇ.

ھەر خىل كىتابلار ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىغا ھەر ۋاقىت زاكاز قوبۇل قىلىمىز ھەم ئېتىبار باھادا يەتكۈزۈپ بېرىمىز.

شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرناللار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ياشلىرى»، «تارىم غۇنچىلىرى»، «كارخانىچى»، «ئىستۇدېنت»، «تەپەككۇر» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ توپ، پارچە سېتىش ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ئورنى ـ بۇلاق كىتابخانىسى.

جۇپ قول كەسپىي سۈرەتخانىسى

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئۈرۈمچى «جۇپ قول كەسپىي سۈرەتخانىسى» نامىدىكى فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىنىڭ نەشر ھوقۇقى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرناللار نەشرىياتى ۋە ئۈرۈمچى «جۇپ قول كەسپىي سۈرەتخانىسى»غا تەۋە. كۆچۈرۈپ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

0991 ـ 6766123
WWW.SURATHANAM.COM

## سادا

ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ..............................
.............................. ۋاڭ مېڭ 21

## يىپەك يولىدىن سۆز

توققۇز كۇنلۇك پادىشاھ ــ قۇرەيش سۇلتان ............ 24
مەشھۇر سەيياھ ــ ئىبنى بەتۇتە .................... 26
«چەرچەن سەنىمى» ۋە «چەرچەن تاغ ناخشىلىرى»دىكى مەدەنىيەت پۇرىقى ............ ئىلھام مۇھەممەد 30

## سېھىرلىك دۇنيا

ياش شائىرلارغا دەيدىغىنىم ............. بوغدا ئابدۇللا 35
قىز، بۇغا، رىۋايەت .................... بوغدا ئابدۇللا 36

## يارقىن سىمالار

شائىرلىرىمىزنىڭ چاقچاقلىرى ....... مۇھەممەد شاۋۇدۇن 38

## كۆزنەك

خەت تاپشۇرۇۋالغۇچى ...... بورىس كىراچىنكوۋ(رۇسىيە) 46
كىتاب ۋە مەن ............ فرانىز كافكا(ئاۋسترىيە) 47

## يۈرەك سىرلىرى

يۈرىكىمدىكى گەپلەر ...................... گۈلنار ئابلىز 48

## راست ئىشلار خاتىرىسى

ماڭا تەسىر قىلغان ئىشلار ............... ئابلەت ئابلېكىم 50

## ئەخلاق باغچىسى

ھايا پەقەت ياخشىلىقلا ئېلىپ كېلىدۇ ..................
.............................. مۇھەممەدجان تىلىۋالدى 52

## يادنامە

تۇنجى كۆرۈشۈش، مەڭگۈلۈك ئۆكۈنۈش ....................
.............................. مەھمۇتجان يانتاق 55

## مۆجىزە

شانلىق مۆجىزە ـ ئېففېل تۆمۈر مۇنارى .............. 57

## بايقاش

بوي ۋە ئىنسانىيەت ..................... پەرىدە تۇردى 60

## تۇرمۇش گېزىتى

ئېرسىيەت ۋە كېسەللىك .................................. 62

## بىر بەتتە تۆت بەت

ھىندىستاندىكى ‹‹مىڭ كىشىلىك كىر يۇيۇش مەيدانى›› / پادىشاھقا ۋاكالىتەن جازالىغۇچى / دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن تۆت كىزەك 80 ياشقا كىردى / كۆڭۈلدىكىدەك ئائىلىنىڭ ئادەتتىكى ئۆلچەملىرى ............................ 63

## سۆبھى

مەكتەپكە ئۆملەپ كېلىمەن ........................ 64

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# مېھىر-مۇھەببەت ئەلچىسى-پەرىدە

◉ ئالىم كېرىم كۆكئالىپ



شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى پەرۋىش ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى پەرىدە مەمەت، 2003 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ياپونىيە تسۇكۇبا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىنسان پەرۋىشى ئىلمى يۆنىلىشى بويىچە ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان، 2005 - يىلىدىن 2008 - يىلىغىچە مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوخشاش تەتقىقات يۆنىلىشىدە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان. ئۇ 2012 - يىلىدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى پەرۋىش ئىنستىتۇتىدا ئىشلەپ كەلمەكتە، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شىنجاڭ جۇڭيى دوختۇرخانىسى پوستدوكتورلۇق كۆچمە پونكىتىنىڭ پوستدوكتور(دوكتور ئاشتى) تەتقىقاتچىسى.

پەرىدە مەمەت ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقاندا تۆرلۈك ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن سىرت، يەنە ياپونىيەنىڭ سېستىرالىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن. 2014 - يىلى دۆلەتنىڭ «مىڭ كىشىلىك پىلان» تەتقىقات قوشۇنىغا كىرگەن، ئاپتونوم رايوننىڭ «تەڭرىتاغ ئىقتىساسلىقلىرى» پىلانىغا كىرگەن، دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ گۇمانىتار پەنلىرى تەتقىقات تۈرىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى داڭلىق ئىلمىي ژۇرناللاردا 17 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ياپونىيەدە بەش قېتىم چوڭ تىپتىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئىلمىي ماقالە ئوقۇغان. ئۇنىڭ قولايلىق پەرۋىشكارلار ئىشتىنى، قولايلىق پەرۋىشكارلار پەرتۇقى، قولايلىق پەرۋىشكارلار چاپىنى، قولايلىق بىمارلار ئىشتىنى قاتارلىق تۆت تۈرلۈك پاتېنتى بار.

## قاناتلانغان ئارزۇ

— پەرىدە قىزىم، بۇ پۇلنى سىزگە ئاتىغانىدىم، قېنى ئېلىڭ. بىزدە «ئۆيى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن گەپ بار، ئۆي ئېلىشقا ئىشلىتەرسىز، — دېدى ئاتا بىر تۇتام پۇلنى قىزىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ. قىز مېھرىبان ئاتىدىن تەسىرلىنىپ، تىترىگەن قولى بىلەن پۇلنى چىڭ سىقىمدىدى، ئۇنىڭ مەڭزىگە ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى...

ئۈرۈمچىگە ماڭغان ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرغان پەرىدە خىيال دەرياسىغا غەرق بولغانىدى:

ئۇ ئاتۇش شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، تەنتەربىيە ۋە سەنئەت پائالىيەتلىرىگە بۆلەكچىلا قىزىقاتتى. يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى بولۇپ قالسا، مەيداندا ئۆزىنىڭ جاسارىتىنى كۆرسىتىپ، سىنىپىغا شەرەپ كەلتۈرەتتى. ھەتتا يېنىك ئاتلېتىكىنىڭ بىر قانچە تۈرىنىڭ رېكورتى ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر كۈچلۈك قىزىقىشى ساغلاملىق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مەزگىلىدە ئارزۇ كاتەكچىسىگە پۈتۈنلەي دېگۈدەك تېببىي مەكتەپلەرنى تولدۇردى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتتى، ئۇنىڭغا شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەرۋىش ئىنستىتۇتىدىن قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشى كەلدى.

ئالىي مەكتەپ رىقابەت كەسكىن كەڭرى سەھنە. ئۇ كەسپىي تەنھەرىكەتچى ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ خۇددى تەنھەرىكەتچىلەردەك جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان تۇنجى كۈندىن باشلاپلا تىرىشىپ ئۆگەندى. ھەرقېتىملىق ئىمتىھاندا بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمىدى. ئۇنىڭ تەنتەربىيەدىكى ئالاھىدىلىكى تازا ئەسقاتتى، ئۇ خۇددى

ئوغۇل بالىلاردەك قورقۇمسىز ئىدى، كەسپىي مەشغۇلاتلارنى بىجانىدىل، خاتاسىز، جۈرئەتلىك ھالدا ئىشلەيتتى. دەرسلىرى شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ، ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىشنى قولدىن بەرمەي، ياپون تىلى كۇرسىغا قاتناشتى.

ھەش – پەش دېگۈچە ئۇلارنىڭ پراكتىكا ۋاقتى بولدى. ئۇ شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1 – تارماق دوختۇرخانىسىغا پراكتىكا قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

– سىز بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن سېستىرامۇ؟ – دەيتتى ئۇنىڭ پىششىق مەشغۇلاتىنى كۆرگەن دوختۇرلار. ئۇ بۇنداق سوئاللارغا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇش بىلەنلا جاۋاب قايتۇراتتى. دوختۇرخانا باشقا بىر دۇنيا ئىدى، ئۇ يەردە ھاياتنىڭ مۇھەببەت كۈيى ياڭرايتتى. بىمارلارنىڭ ئاھۇ – زارى ۋە دوختۇر – سېستىرالارنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى ئۇنىڭغا ھاياتقا قانداق قاراشنى، كىشىلەر ئارا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەتتى.

ئۇلارنىڭ پراكتىكا ۋاقتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى، بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئوقۇشمۇ پۈتتى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب – شىمالىدىن كەلگەن ساۋاقداشلاردىن پەقەت پەرىدەلا شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 3 – تارماق دوختۇرخانىسى(شىنجاڭ ئۆسمە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى)غا تەقسىم قىلىندى، باشقىلىرى يۇرتىغا قايتتى. ئۇ ھەرتۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆزىنى نامايان قىلدى، كەسپىي تېخنىكا مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ، نەتىجە ئېلىپ بۆلۈمگە شەرەپ كەلتۈردى. ئۇ بۆلۈم رەھبەرلىكىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، بىمارلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، يۈرىكىدە باشقىچە بىر ئوت، يەنى داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش ئوتى يېنىشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندىلا ئاساس سېلىنغان ياپون تىلىنى داۋاملىق پىششىقلاپ تۇرغانىدى. ئۇ بىمارلارنى ياخشى پەرۋىش قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ئوقۇشۇم، ئۆزۈمنى بۇ ساھەدە تېخىمۇ پىشۇرۇشۇم كېرەك، دەپ ئويلايتتى. دۆلەتنىڭ چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىرىشنى قولىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى. ئۇ بۇنچە ئۇزاق ساقلاشنى خالىماي، ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشنى تاللىدى. بىراق بۇنىڭغا پۇل كېرەك ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۆيىدىكىلەر ئۇنىڭغا «ئۆي ئېلىۋال» دەپ پۇل بەردى.



خىيالىدىن ئويغانغان پەرىدە دېرىزە سىرتىدىن كەينىگە ئىتتىك ئۆتۈۋاتقان مەنزىرىلەرگە تويماي قارىدى. ئىشقا چىققىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان بىر قىزنىڭ چەت ئەلدە ئوقۇشقا كېتىدىغان خىراجىتىنى قانداق ھەل قىلىدىغانلىقى بىر مەسىلە ئىدى. پەرىدەگە سەپسالغان كىشى ئۇنىڭ بىغەملىكىدىن پۇلنى ھەل قىلىپ بولغان ئوخشايدۇ، دەپ قالاتتى. دېمىسىمۇ پەرىدە ئوقۇش پۇلىنى ھەل قىلىپ بولغانىدى، بۇ دادىسى ئۇنىڭغا ئۆي ئېلىۋال دەپ بەرگەن پۇل ئىدى. بىراق، پەرىدەنى بىر مۇنچە پاراكەندىچىلىكلەر ساقلاپ تۇراتتى.

پەرىدە ئۈرۈمچىگە كېلىپلا ئوقۇش پۇلىنى تۆلىدى. ئۆيىدىكىلەرگە بۇنى دېگىنىدە، دادىسى ئۇنىڭغا ئوبدانلا خاپا بولدى. ئۇ تالاي قېتىملاپ چۈشەنچە بېرىمەن دەپ ئۇرغان تېلېفونلىرىنى دادىسى ئالمىدى. دادىسى پەرىدەنىڭ ئوقۇشىنى قوللىسىمۇ، بىراق يىراق ئەلدە ئۇنىڭ جاپا تارتىپ يۈرۈشىنى خالىمايتتى. پەرىدە بىرقانچە كۈن كۆڭلى غەش ھالدا يۈردى. مېھرىبان دادىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي يىراق سەپەرگە ئاتلىنىشنى ئۆزىمۇ راۋا كۆرمىدى. «ئوقۇمايمەن، دادامنىڭ رازىلىقى بولمىغان ئىشقا ھەرگىز قەدەم باسمايمەن» دېگەن نىيەتكە كەلدى ئۇ ئاخىر. ئۇ ئۆزىنىڭ قارارىنى دەپ قويۇش ئۈچۈن دادىسىغا تېلېفون قىلدى، ئۇزۇندىن بېرى قىزىنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلمايۋاتقان دادا بۇ قېتىم تېلېفوننى ئالدى.

– دادا، مەن رازىلىقىڭىزنى ئالماي تۇرۇپ ئوقۇشقا بارمايمەن، سىزنى پاراكەندە قىلغىنىمنى كەچۈرۈڭ، – دېدى پەرىدە بوغۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ. دادىسى بىرھازا جىمجىت تۇرۇپ قالدى.

– پەرى قىزىم، سىزنى جاپا تارتىپ قالمىسۇن دەيمەن شۇ. سىزدىن خاپا بولىدىغان يېرىم يوق، پەقەت ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن مەسلىھەت سالمىغىنىڭىز مېنى ئازراق رەنجىتكەنىدى. سىزنىڭ شۇنچە قەتئىي ئىرادىلىك بولغىنىڭىزدىن دادىڭىز بولۇش سۈپىتىم بىلەن پەخىرلىنىمەن قىزىم، – دېدى دادىسى. پەرىدەنىڭ كۆڭلى پاللىدە يورىدى. كۆزىدىن ئېقىۋاتقان ئەلەملىك ياش خۇشاللىق يېشىغا ئالماشتى.

پەرىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنىڭ تاشلىنىپ قالغان رەسمىيەتلىرىنى قايتىدىن قولىغا ئالدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ رەسمىيەتلىرى تولۇق پۈتۈپ، ياپونىيەگە قاراپ يول ئالدى.

## پەرۋىش دېگەن مانا مۇشۇ

ئوپېراتسىيەدىن چىققان بىمار كارىۋاتتا ئىڭراپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ ئوپېراتسىيەسى ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولغان، بىراق ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمايدۇ. كېسەلخانىنىڭ پەرۋىشچىسى بولغان سېسترا ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولىدۇ ياكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن سەكپارە بولىدۇ، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن پۈتۈن مېھرىنى بېرىدۇ...

پالەچ بولۇپ قالغان يىگىت تورۇسقا تىكىلىپ ياتىدۇ، ئۇنىڭ ھەرىكەتتى ئاز بولغانلىقتىن مۇسكۇللىرى يىگىلەپ، پۇت - قوللىرى يىغىلىپ قالغان، ئاخىر ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان، ئۆزىنىڭ نورمال كىشىلەردەك بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئىمتىيازلىرىدىن مەھرۇم قالغان...

سۆزلەپ كەلسەك يۇقىرىقىدەك ئەھۋالغا دۇچار بولغان كىشىلەر كۆپ. ئۇلارنى قۇتقۇزىدىغان ئامال يوقمۇ؟ ئۇلار مەڭگۈ ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالمايلا ئۆتسۇنمۇ؟ پەرىدە بۇنىڭغا كەسكىن قىلىپ «ياق!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمسە قانداق قىلىش كېرەك؟ پەرىدە مانا مۇشۇلارنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن ياپونىيەگە قاراپ ئاتلاندى.

پەرىدەنىڭ ياپونىيەنى تاللىشىدا سەۋەب بار ئىدى. ياپونىيەلىكلەرنىڭ پەرۋىشكە تۇتقان پوزىتسىيەسى باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشىمايتتى، ئۇلار بىمارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، بىمارغا ئۆزىنىڭ بەش ئەزاسى ساق نورمال ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قوياتتى. غەرب دۆلەتلىرىنىڭمۇ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتى چوڭقۇر بولسىمۇ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلار يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۈسكۈنە - ئەسۋابلارغا كۆپرەك تايىنىپ قالاتتى. ئەلۋەتتە، جانسىز ئەسۋابلار تىرىك ئادەمدەك مېھىر بېرەلمەيدۇ - دە.

پەرىدە ياپونىيەگە بارغاندىن كېيىن ياشانغانلار ۋە ئۆسۈملۈك ئادەمنىڭ پەرۋىشى بويىچە تەربىيەلەندى. ھەممىزگە مەلۇم، ياشانغانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىقى تەس، ئۆسۈملۈك



ئادەم بولسا ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا ھايات كەچۈرىدۇ. دوختۇرغا نىسبەتەن ئادەمنىڭ ھاياتى ساقلىنىپ قالدى، ئەمدى ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى تامامەن پەرۋىشكە تايىنىدۇ. «پۈتۈن داۋالاش جەريانى 30% دوختۇرنىڭ داۋالىشىغا، 70% پەرۋىشكە تايىنىدۇ» دەيدۇ پەرىدە. ئۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېتەكلىشىدە 20 دىن ئارتۇق ئۆسۈملۈك ئادەمنىڭ سەزگۈسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ھېچنېمىنى تۇيمىغان ھالدا ياتقان كىشىنى ئولتۇرالايدىغان، قەدەم ئېلىپ ماڭالايدىغان قىلىشنىڭ ئۆزى نېمىدېگەن ھاياجانلىنارلىق ئىش - ھە! بۇنى ئاڭلىغان كىشىمۇ قانداق قىلىپ تىرىك بىلەن ئۆلۈكنىڭ ئارىلىقىدا ياتقان ئادەم ئورنىدىن تۇرغاندۇ؟ دەپ ھەيران قېلىشى مۇمكىن. پەرىدە بۇنى تامامەن مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇردى. ئۇ بىمارنىڭ قىزىقىشىغا، تۇرمۇش ئادىتىگە قارىتا نېرۋىلىرىنى غىدىقلىدى، بەدىنىنى ئۇۋۇلىدى... ھەربىر ھەرىكىتىنى پۈتۈن مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن ئىشلىدى.

«ئەگەر سىز ئۈچ كۈن مىدىرلىماي ياتسىڭىز، مۇسكۇللىرىڭىز تارتىشىپ ھالسىزلىنىدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ياتسىڭىز ئاقىۋىتىنىڭ تېخىمۇ ئېغىر بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئەمەس. دېمەك، بىز مۇسكۇلنى تارتىشتۇرۇپ قويماي، ھەرىكەتچان ھالەتتە



ساقلاپ تۇرالىساق، ئۆسۈملۈك ھال[illegible] ياتقان ئادەمنىڭ بەدەن تىلى ئارقىلىق بولسىمۇ ئۆزىنى ئىپادە قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتالىغان بولىمىز، بۇنىڭ كېيىنكى باسقۇچلۇق داۋالاشقا زور ياردىمى بولىدۇ» دەيدۇ پەرىدە. دەرھەقىقەت، بىمارنىڭ بەدىنىنى ئەنە شۇنداق ساقلاش ئۈچۈن رەتلىك، ئىدىتلىق، ئىلمىي بولغان پەرۋىش جەريانى بولۇشى كېرەك. پەرىدە ياپونىيەدە ئىلمىي نەزەرىيە ۋە يېڭى تېخنىكىغا ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەتنى قانداق سىڭدۈرۈشنى بېرىلىپ ئۆگەندى.

ياپونىيەدىكى يەتتە يىللىق ھايات پەرىدە ئۈچۈن مېھىر - مۇھەببەتنى بېرىلىپ تەتقىق قىلغان ھايات بولدى. ئۇ كىچىككىدىنلا داۋالاش، ساغلاملىققا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتكە قىزىققان بولغاچقا، كىشىگە مېھىر بېرىدىغان، مۇھەببەت ئاتا قىلىدىغان بۇ كەسىپنىڭ ئىچىگە كىرىپ تەتقىق قىلدى. «كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بېخى قىزىقىش، مۇھىم ھالقىسى بولسا ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىشتىن ئىبارەت» دەيدۇ پەرىدە. ئۇ ئۇستازى بىلەن بىرلىكتە پىسخىكا، فىزىيولوگىيە ۋە مېدىتسىنا بىلىملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، پەرۋىشنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللىرىنى سىناقتىن ئۆتكۈزدى، ئوڭۇشلۇق بولغان ھەربىر ئۇسۇلنى خاتىرىسىگە چىرايلىق قىلىپ خاتىرىلىۋالدى.

ئوخشىمىغان جايلاردىكى ھەر ئادەمنىڭ ئاڭ سەۋىيەسى ئوخشاش ئەمەس، بۇمۇ پەرۋىشكە نىسبەتەن يەڭمىسە بولمايدىغان بىر توسالغۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەرۋىش قىلىشنى كەسىپ دەرىجىسىگە، ياكى بولمىسا پەرۋىش قىلىش مېنىڭ كەسپىم دەيدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈشكىمۇ مەلۇم جەريان كېتىدۇ. ياپونىيەدە ياشانغانلارنى كۈتۈش مۇلازىمىتى مەخسۇس كەسىپ بولۇپ شەكىللەنگەن، چىن مېھرىنى بېرىپ شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ ئىگىلىرى جەمئىيەتتىمۇ بىر قاتلامنى ھاسىل قىلغان. رايونىمىزدا بۇ كەسىپ تېخى بىخ ھالىتىدە. ياكى بۇ كەسىپنىڭ تەرەققىياتى بوغۇلغان ھالەتتە، بۇنىڭ سەۋەبى ئاڭ سەۋىيەنىڭ تۆۋەنلىكىدە. «ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىلا كۆز-

لەيدىغان مۇلازىمەت چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ، مېھرنى سىڭدۈرگەن مۇلازىمەت ئىقتىسادىي ئۈنۈمگىمۇ داغدام يول ئاچالايدۇ» دەيدۇ پەرىدە. رايونىمىزدا پەرۋىشنى ئاساسىي مۇلازىمەت شەكلى قىلغان شىركەت ۋە ئورۇنلار ئەمدىلا قۇرۇلۇۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىنى تەرەققىي قىلغان دۆلەت ۋە رايونلارنىڭكىگە زادىلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

ئۆزىنىڭ بىلىمىنى خەلقىگە تەقدىم قىلىشنى خالايدىغان كىشىنى چەت ئەلنىڭ ياخشى شارائىتلىرىمۇ تۇتۇپ قالالمايدۇ. پەرىدەمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە كۆيىدىغىنى يۇرتىمىزدا كەسپىلەشكەن پەرۋىش ئورۇنلىرى ۋە كەسپىلەشكەن پەرۋىش خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئىدى. ئۇ مەكتەپتىكى خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىگەندىن سىرت، ياشانغانلار ساناتورىيەسى، شەخسلەر قۇرغان پەرۋىش ئورۇنلىرىنى ئايلاندى. ئەمما ئۇنى ئۈمىدسىزلىك چىرمىۋالدى. ئۇ دەرھال پەرۋىش ئىلمى بويىچە دۆلەت تەبىئىي پەنلەر فوندىغا ئىلتىماس قىلماقچى بولدى، ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ تەتقىقات فوندىنىڭ تىزىملىكىدە پەرۋىش ئىلمى يوق بولۇپ چىقتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئىشنى ئاساسىدىن باشلىماقچى بولدى. ئۇ كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ تۈزۈتۈلسە، چوڭ ئىشلارنىڭ راۋان يۈرۈشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

## پەرۋىشنى كەسپىلەشتۈرۈش يولىدا

پەرىدە رايونىمىزدىكى پەرۋىش ئورۇنلىرىنى ۋاقىتتىن ۋاقىت چىقىرىپ ئايلاندى. پەرۋىش ئورۇنلىرى ئاساسەن ياشانغانلارنى كۈتۈش ئورۇنلىرى ئىدى. مەيلى دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى ياكى شەخسلەر ئىگىدارلىقىدىكى پەرۋىش ئورۇنلىرى بولسۇن شارائىت ۋە كەسپىي جەھەتتە ئوبدانلا مەسىلىلەر بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن بىمارلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ بىمار كېسەلخانىدىن ئوڭۇشلۇق چىقىشىمۇ قانداق كۈتۈشنى بىلمەي كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆردى. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئاڭلىدى، كۆردى.

دادا ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچرىغان بالىسىنىڭ ھالىدىن ئۆز خىزمىتىدىن ۋاز كېچىپ خەۋەر ئېلىۋاتقانىدى. بالا ئاللىقاچان ئۆسمۈرلۈك ئادەمگە ئايلىنىپ بولغان، بۇ يەردە پەقەت قالغىنى ئاتىنىڭ بالىغا بولغان چەكسىز مېھىر - مۇھەببىتىلا ئىدى...

ئۈچ يىلدىن بېرى پالەچلىنىپ يېتىپ قالغان ئايالىنىڭ ھالىدىن ئۆزىنىڭ خىزمىتىدىن ۋاز كېچىپ خەۋەر ئېلىۋاتقان ئەر. بۇلار چەكسىز مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان ئىللىق ئائىلىنى كىشىنىڭ يادىغا سالىدۇ، بىراق بەختسىزلىك ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپلا يۈرىدۇ...

.........................

پەرىدە ئۇچراتقان تەسىرلىك ئىش - ئىزلار ئاز ئەمەس، ئەمما ئۇنى ئىچىندۈرىدىغان ئىشلارمۇ بار ئىدى.

ئۇ بىر قېتىم ساناتورىيەنى ئايلىنىۋاتقاندا، بىر ئايالنى ئۇچراتتى. چاچلىرى چىگىشلىشىپ، پاخپىيىپ تۇرغان بۇ ئايالنىڭ چىرايىغا قارىغان كىشى ئۇنى 70 - 80 ياشقا كىرىدىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالاتتى. پەرىدە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ سورىدى:

— ئورنىڭىزدىن تۇرالامسىز؟

— ماڭالمايمەن، — دېدى ئۇ ئايال ئېرەنىشمەي. پەرىدە ئايالغا رىغبەت بېرىدىغان سۆزلەرنى قىلدى، ئەمما ئايال: — يېشىم 50 تىن ئېشىپتۇ، يەنە كېلىپ بەرىسى ماڭا ياردەم قىلاي دېمىسە، — دېدى. پەرىدە شۇندىلا ئايالنىڭ 50 تىن ئەمدىلا ئاشقانلىقىنى بىلدى. ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلىكتىنمۇ ياكى كۈتۈنمىگەنلىكتىنمۇ ئۆز يېشىدىن بەك چوڭ كۆرۈنىدىغان، ئۆزىنىڭ نورمال تۇرمۇش ھوقۇقىدىن ئاسانلا ۋاز كەچكەن بۇ ئايال كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى.

بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەرۋىشنى كەسپىلەشتۈرۈشنىڭ نەقەدەر تەخىرسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. پەرىدە ئالدى بىلەن ھەرقايسى ياشانغانلار ساناتورىيەسى، كۈتۈنۈش ئورۇنلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى، ئۇلارغا تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلدى.

يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپنىڭ، شەھەرنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ پەن تەتقىقات تۈرلىرىگە ئىلتىماس قىلدى ۋە بىرقانچە تەتقىقات تۈرىنى قولغا كەلتۈردى؛ مەكتەپنىڭ پەرۋىشكە مۇناسىۋەتلىك دەرسلىك كىتابىنى تۈزۈشكە قاتناشتى. 2012 - يىلى ماگىستىر ئاسپىرانت تەربىيەلەش سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، ئاسپىرانت قوبۇل قىلدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەمەلىي خىزمەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتۇرۇپ، پەرۋىش ئىلمىنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە ياردەمدە بولدى.

ياشانغانلار ۋە بىمارنى ئائىلىدە كۈتۈش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس. سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا قىلدىن قىيىق كەتسە بولمايدۇ. شۇڭا پەرىدە ئائىلىدە كۈتۈش ۋە كۈتۈنۈشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاساسىي تېخنىكا ۋە بىلىملەر تونۇشتۇرۇلغان ئىككى پارچە كىتابنى تۈزۈپ، نەشرىياتقا تاپشۇردى، بۇ كىتاب رەسىملەر بىلەن كىرىشتۈرۈلۈپ، ھەربىر تۈر جانلىق تونۇشتۇرۇلدى.

پەرىدە يەنە ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ ئەمەلىيەت ۋە نەزەرىيەنى ئۈنۈملۈك بىرلەشتۈرۈپ، تۆت تۈردە پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى؛ پەن تەتقىقات خادىملىرىغا قاتتىق تەلەپ قويىدىغان دۆلەتنىڭ «مىڭ كىشىلىك پىلان»غا كىردى... بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرىدەنىڭ كېچە - كۈندۈز تىنىمسىز تىرىشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

مېھىر - مۇھەببەت گوياكى ئىللىق قۇياش نۇرىغا ئوخشايدۇ. ھەربىر كىشى ئۇنىڭدىن بەھر ئېلىشى ۋە باشقىلارغا يەتكۈزۈشى كېرەك. شۇنىڭدىلا جەمئىيەت ئىناقلىق نۇرىغا چۆمىدۇ. ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە پەرىدەنىڭ ئەزگۈ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، جەمئىيىتىمىزدە ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ نورمال تۇرمۇش ھوقۇقىدىن بەھرىلىنىدىغان تېخىمۇ ئىللىق مەنزىرە بارلىققا كېلىدۇ.

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۈلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@hotmail.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مېنىڭدىكى مەن

◉ ئەزىزى



## 1

ئەڭ سەمىمى، ئەڭ توغرا گەپنى ئېيتقاندا، ئادەم ئۈچۈن ئۆزى ھەققىدە ئويلاش، ئۆزى ھەققىدە پىكىر قىلىشتىن ئارتۇق ھۇزۇرلۇق ئىش بولمىسا كېرەك بۇ دۇنيادا.

ئادەمنىڭ ئەڭ كۆپ ئويلايدىغىنى ئۆزى ھەققىدىكى ئويلاردۇر.

ئادەمنىڭ ئەڭ كۆپ كۆزلەيدىغىنى ئۆزىنىڭ ئارزۇسىدۇر.

ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى ئۆزىگە بولغان مۇھەببەتتۇر.

ئادەمنىڭ ئەڭ كۆپ ئەھمىيەت بېرىدىغىنى ئۆزىنىڭ تەقدىرىدۇر.

شەخسىيەتچىلىك، ئۆزۈمچىلىك خاھىشىنى قانچىلىك دەرىجىدە تەنقىت قىلمايلى، پىداكارلىق، مەردلىكنى قادچىلىك دەرىجىدە تەشەببۇس قىلمايلى، ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ خاھىش جەھەتتە ئۆزىنى مەركەز قىلىش ئىرادىسىدىن ئىبارەت ھەيۋەتلىك ۋە مۇستەھكەم سېپىلدىن ھالقىپ ئۆتۈشى ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس.

گەرچە ئاڭلىماققا ئىنتايىن تومتاق، قوپال بىلىنسىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا «ئىنسان ــ ئاڭلىق ھايۋان» دېگەن گەپ بار. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى «ئادەم گۈلدىن نازۇك، تاشتىن قاتتىق»، «ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن» دېگەن سۆزلەرمۇ مەلۇم نۇقتىدىن يۇقىرىقى قوپال تەبىرگە ياندىشىپ كېتىدۇ. دەرۋەقە ئىنساننىڭ ئاڭلىقلىقى ئۇنىڭ ئويلاش، پىكىر قىلىش، بىلىش، ياخشى-ياماننى، گۈزەللىك ۋە سەتلىكنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ۋەكىللىك قىلسا، ھايۋانىيلىقى شەخسىيەتچىلىك، نەپسانىيەتچىلىك، ئۆزۈمچىلىك قاتارلىق سەلبىي ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇزاق يىللار بۇرۇن يېزىمىزدىكى بىر بوۋايدىن ئاڭلىغان «ئادەمنىڭ ئىككى يۈزى بولىدۇ، بىر يۈزى داۋاملىق ئاق، بىر يۈزى داۋاملىق قارا تۇرىدۇ» دېگەن سۆزى زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. قانداقتۇر مەدەنىي سالاھىيەت ئۇياقتا تۇرسۇن، ساۋاتلىق ياكى ئەمەسلىكىگىمۇ بىر نېمە دېگىلى بولمايدىغان ئاددىي دېھقان بوۋاينىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى ئەينى چاغدا ئانچە ئاڭقىرىپ يەتمىگەنىدىم. ئەمدى ئويلاپ كۆرسەم، بوۋاينىڭ ئەمەلىي ھاياتى

تەجرىبىلەردىن يەكۈنلىگەن بۇ قاراشلىرى
ھەرگىزمۇ تاساددىپىي ياكى يۈزەكى تونۇش.
نىڭ مەھسۇلى ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭدا
چوڭقۇر ھېكمەت ۋە كۈچلۈك پەلسەپىۋى.
لىككە ئىگە چۈشەنچىلەر ئەكسىنى تاپقان.
كەن.

ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇھىم يادروسى
بولغان سۇبيېكتىپ ئىرادە ۋە شەخسىيەتچى.
لىك خاھىشىنى پۈتۈنلەي سەلبىي نۇقتىدىن
شەرھىيلەشمۇ ئاقىلانىلىك بولمىسا كېرەك.
مەسىلىنى قارىمۇقارشى نۇقتىدىن چىقىپ
مۇلاھىزە قىلساق، ئۆزى ھەققىدە ئويلاش،
پىكىر قىلىشنى بىلمەسلىك، باشقىلار ھەققى.
دە ئويلاش ۋە پىكىر قىلىشنى بىلمەسلىك
بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.
ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى كۆزلىمەسلىك، باش.
قىلارنىڭمۇ شۇنداق ئارزۇغا ئىگە ئىكەنلى.
كىنى ئانگقىرالماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
ئۆزىنى سۆيۈشنى بىلمىگەنلەر ئەلۋەتتە باش.
قىلارنى سۆيۈشنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ
تەقدىرىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك بولسا
باشقىلارنىڭ تەقدىرىگە ئەسلا پەرۋا قىل.
ماسلىقتىن بېشارەت بېرىدۇ.

ئىنسان تەبىئىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلاند.
غان ئويلاش ۋە پىكىر قىلىش ئىقتىدارى
يۈكسەك پەزىلەتلەرگە تۇتاشقان ئىمكانىيەت.
لەر نۇقتىسىدىن ئادەمنى داۋاملىق تۈردە
ئۆزىدىن ھالقىشقا، ھەر خىل ئىللەت ـ قۇ.
سۇرلاردىن پاكلىنىشقا، ئاسارەتتىن ھىدايەت.
كە، ئۆڭكۈردىن چەكسىزلىككە ئۈندەپ تۇ.
رىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئىنسان ئۆزىنى تە.
رەققىي قىلدۇرۇشقا، ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان
تار مەنىدىكى شاكال ۋە پەردىلەرنى يېرىپ
چىقىپ، تەپەككۇر بوشلۇقىدا پەرۋاز قىلىشقا،
ئۆزىنى قايتا قۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئادەم روھ بىلەن تەن، ئەقىل بىلەن
ھېسسىيات، ئېتىقاد بىلەن مەسئۇلىيەت،
ۋىجدان بىلەن نومۇس، گۈزەللىك بىلەن
رەزىللىك، ئىرادە بىلەن شجائەت، نىيەت
بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنىڭ ھا.
يات سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىنسانىيەت.
نىڭ ئۇزۇن يىللىق مۇساپىسىدىن مەلۇم
بولىدىكى، ئادەمنىڭ روھىدا ئىجابىي خىس.
لەتلەر، يەنى يارىتىلىشتىن كۆزلەنگەن ئىن.
سانىي پەزىلەتلەر ھەر ۋاقىت ئۈستۈن ئو.
رۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ رېئاللىق بە.
لەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ نىيەت ۋە



نىشانىغا داۋاملىق تۈردە سايە تاشلاپ
تۇرىدۇ. رېئاللىقنىڭ شەپقەتسىز سىناق.
لىرى كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ ئىرادىسى.
گە باقماي قالىدۇ. ئۇنىڭ يۈكسەك
غايىلەرنى چىقىش قىلغان ئارزۇ ـ
ئارمانلىرى سۇغا چىلىشىپ قالىدىغان
چاغلارمۇ بولىدۇ. نىيەت ـ ئىقبالى
غۇۋالىشىپ ئەقىدىسى سۇنىدىغان،
گويا ئۆزىنى ئارتۇقچە ئادەمدەك بې.
گانە ھېس قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ
كۆرۈلىدۇ. شۇنداق چاغلاردا ئادەم
مۇقەررەر ھالدا «ياشاشتىن مەقسەت
نېمە؟»، «مەن كىم؟» دېگەن سو.
ئاللارغا دۇچ كېلىدۇ.

## 2

ھەممىمىزگە ئايانكى، ئادەمنىڭ
ھەممىلا ئارزۇسى تولۇق ئەمەلگە ئې.
شىۋەرمەيدۇ ھەم ئۇنداق بولۇشىمۇ
مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئارزۇنىڭ
چېكى بولمايدۇ. گەمدە ياشايدىغان
ئادەم ئاددىي بولسىمۇ بىر ئۆيى بو.
لۇشنى ئارزۇ قىلىشى مۇمكىن. ئەمما
ئۇ ئۆيگە ئېرىشكەندىن كېيىن ھەشە.
مەتلىك سارايلارنى ئارزۇ قىلمايدۇ
دېگىلى بولمايدۇ. ئەتراپىمىزدىكى
كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ سۇب.
يېكتىپ خاھىش، ئىستەكلىرىنى بەخت
دەپ پەرەز قىلىدۇ. ساماۋىي ئوي ـ
خىياللىرىنى غايە دەپ چۈشىنىدۇ.
تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىنى ئا.
خىرقى مەقسەت دەپ قارايدۇ. نەتى.
جىدە تۇرمۇشنىڭ ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن
دۇچ كېلىدىغان ئېغىر زەربىسى شۇ.
نىڭدىن باشلىنىدۇ. تەشۋىش، ئىزتى.
راپ، چۈشكۈنلۈك تۇيغۇسى ئۇنى
چىرماشقا باشلايدۇ. كىمدۇر تەقدىرى.
دىن رەنجىيدۇ، كىمدۇر زاماندىن
قاقشايدۇ، يەنە كىمدۇر «كەلمىگەن
تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟» دەپ
ئۆزىنى بەزلەيدۇ. دەل مۇشۇ نۇقتىدا
تەلپەكنى يانغا ئېلىپ قويۇپ ئۆزى
ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنالايدى.
غانلار، سەگەكلىك بىلەن پىكىر
قىلالايدىغانلار، رېئاللىق بىلەن ئۆزى.
نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا مۆلچەرلىيە.
لەيدىغانلار، قىسقىسى «مەن نېمىگە
قادىر؟»، «مەن قانداق ياشىشىم كې.
رەك؟»، «مەن زادى كىم؟» دەپ
ئۆزىگە سوئال قويالايدىغانلار ھەمدە
بۇ ھەقتە سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ
باقىدىغانلار تولىمۇ، تولىمۇ ئاز سانلىق.
نى تەشكىل قىلىدۇ. زاماننىڭ ئارىپ ـ
ئاقىللىرى، تارىخنىڭ سەرخىللىرى كۆپ
ھاللاردا ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ئا.
رىسىدىن چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئامېرىكىلىق تام كىنگ بىلەن جون كوتتېر يازغان «ئۆزۈڭدىن ھالقى» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «مەن كىم؟ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى بۈيۈكلۈككە يېتىشنىڭ ھالقىسى. ئۇ ساڭا ئەتەڭ ئۈچۈن يول ئاچىدۇ. لېكىن بۇ بىر باشلىنىش، پەقەتلا باشلىنىش خالاس. چۈنكى ئۇ سېنى مۇۋەپپەقىيەت سەپىرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا يېتىلەپ بارالايدۇ». دەرھەقىقەت، ھەر قانداق مەسىلىنىڭ يېشىمى باشلىنىش نۇقتىسىنى تېپىشتا. بىزنى مەستانە قىلغان ھاياتنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرىمۇ ئۇنىڭ قانداق ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى قانداق باشلانغانلىقىنى بايقاشتا ئەكسىنى تاپىدۇ. ئادەمنىڭ «مەن كىم؟» دېگەن سوئالغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيەسى بولماي نېمە؟ ئەمما، بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۇنچۇۋالا ئاسان ئەمەس.

بىزنىڭ قاچان، قايەردە ۋە قانداق مۇھىتتا تۇغۇلغانلىقىمىز، جىنسىمىز، ئىرقىمىز ۋە ئىسمىمىز، نېمىلەرنى ئوقۇغان، نېمىلەرنى بىلگەن ۋە نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىمىز بىزنىڭ سالاھىيىتىمىزنىڭ پەقەت تاشقى پوستىغىلا ۋەكىللىك قىلالايدۇ، خالاس. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ كىملىكىمىزگە ۋەكىللىق قىلىدىغان ماھىيەتلىك ئامىل ھېسابلانمايدۇ. خۇددى ئەڭ ماھىرلىق بىلەن سىزىلغان قۇشمۇ بەرىبىر ئۇچالمىغاندەك بىزنىڭ ئۆزىمىز ھەققىدىكى ئەڭ ئىنچىكە، ئەستايىدىل تەرىپ - تەۋسىپلىرىمىزمۇ تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا يەنىلا ئەسلى مەندىكى سالاھىيىتىمىزگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. يېقىندا بىر تونۇشۇمنىڭ ئۆزى يازغان تەرجىمىھالىنى كۆرۈپ قالدىم. گەرچە تولۇق دېگىلى بولمىسىمۇ ئۇنىڭ ئىش - ئەمەلىدىن ئاز - تولا خەۋىرىم بار ئىدى. ئۇنى دەۋرىمىزگە نىسبەتەن سەرخىللار سېپىگە قوشۇشقا تېخى خېلى بالدۇرلۇق قىلسىمۇ، ئەمما كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقانلار قاتارىدا بار دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن شۇنداق بىر مۇنەۋۋەر كىشىنى، دەۋرىمىز، خەلقىمىز ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان شۇنداق بىر پىداكار شەخسنى تازا پەرق ئېتەلمەي يۈرگەنلىكىمدىن، ئۇنىڭغا سەل قارىغانلىقىمدىن ئەپسۇسلاندىم. كۆڭلۈمدە ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇردۇم. پەرقلەرنى تېپىشقا ئۇرۇندۇم. نەتىجىدە ئەمەلىيەتتە مەن تونۇيدىغان ئۇ كىشى بىلەن تەرجىمىھالدا سۆزلەنگەن كىشىنىڭ بىر - بىرىگە ئانچە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. ئەسلا ھەسەت قىلىۋاتقىنىم يوق، ئۇ كىشىنى مەنلا ئەمەس، باشقىلارمۇ تونۇيدۇ، ئاز - تولا بىلىدۇ. پەرىزىمچە، بۇ تونۇشۇم ئۆزىنى ئىزلەپ ئۆزىدىن يىراقلاپ كەتكەندەك، ھەقىقىي ئۆزىنى ئەمەس، ئۆز ئارزۇسىدىكى ئۆزىنى تەرىپلەشكە بەكرەك كۆچەپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئىلاھىم، ياخشى نىيەتلىرىگە ئۇلاشتۇرسۇن شۇ تونۇشۇمنى. ئارمانلىرى ئەمەلگە ئېشىپ، ياخشى نەتىجىلەر بىلەن ئەلگە نەپ يەتكۈزسۇن، دىلى بىلەن تىلىنىڭ، سۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ بىردەك بولۇشىغا نېسىپ قىلسۇن.

مەنپەئەت، شان - شەرەپ، ئىززەت - ھۆرمەت ۋە ئۇلۇغۋار ئوبراز تۇيغۇسىنىڭ ئادەمنى قانچىلىك قىستاپ تۇرۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئاز بولمىغان بوشلۇق ساقلانغان بولىدۇ. بۇ بوشلۇق كۆپ ھاللاردا ئادەمنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭ ئاجىز، سەلبىي تەرەپلىرىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئۆزى بىلەن رېئاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھاياتنىڭ شەپقەتسىزلىكى، نىيەتنىڭ ئىرادىگە باقمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت كەسكىن بىر زىددىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. ئادەمنىڭ ئىرادىسى، مەنىۋى ساپاسى، ئەقىل - پاراستى ۋە غەيرەت - شىجائىتىنى سىنايدىغان بۇ جەريان ئەسلا ئۇنىڭغا خەير - خاھلىق قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. ياشاشنىڭ تەسلىكى ئۇنى تۈرلۈك ساراسىمىگە سالىدۇ.

ئادەم ئۈچۈن ئەڭ تەس ئىش نېمە؟

بۇ سوئالغا ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۆزى ھەققىدە ھەقىقەتنى ئېيتىش، دەپ جاۋاب بەرسەك خاتا بولماس دەپ قارايمەن. خېلى يىللار بۇرۇن قايسىدۇر بىر كىتابتىن ئاجايىپ بىر ھېكايەتنى ئوقۇغانىدىم. ئۇنىڭ ئاساسى مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: بىر كىشى ھەر قېتىم مازارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە كۆزىنى ئېتىۋېلىپ ماڭىدىكەن. بۇنى بايقىغانلار ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ: «قانداق قىلاي، قايسىلا قەۋرىگە كۆزۈم چۈشسە خىجىللىقتىن ئىزا تارتىپ ئازاب چېكىمەن. چۈنكى بۇ قەبرىدىكىلەرنىڭ قايسىسىغىدۇر غەيرى نىيەتتە بولغانمەن، قايسىسىنىڭدۇر سالىمىنى ئىلىك ئالمىغانمەن. قايسىسىغىدۇر ۋەدە بېرىپ ھۆددىسىدىن چىقمىغانمەن، قايسىسىغىدۇر قوپال سۆزلەپ دىلىغا ئازار بەرگەنمەن. ئىشقىلىپ ھەممىسىگە نىسبەتەن گۇناھقا پاتقاندەك ئېغىر تۇيغۇدىن قۇتۇلالمايمەن. شۇڭا كۆزۈمنى ئېتىۋالماي نېمە ئىلاج؟»

خۇددى قۇياشنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمىغاندەك، كۆزنى ئېتىۋېلىش بىلەنلا ھەقىقەتنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ. خەلقىمىز توغرا ئېيتقان: «ئىشتانغا چىققىنى كۆڭۈلگە ئايان».

ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى ئەيىپ - نۇقسانلارنى بايقاشقا، خاتا قىلغان ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن ئەپسۇسلىنىشقا، گۇناھ تۇيغۇسىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان ۋاقتى ئۆزىگە يۈزلىنىشكە، ئەسلى مەندىكى ئۆزىگە يېقىنلىشىشقا، «مەن كىم؟» دېگەن سوئالنىڭ يىپ ئۇچىنى تېپىشقا باشلىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. گۇناھ تۇيغۇسىنى ھېس قىلىش ئادەمنىڭ تەۋۋا قىلىش — پاكلىنىش باسقۇچىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، خۇددى قاسىراق تاشلىغان يىلاندەك ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىدىكى ئۆزىنى بايقاش پۇرسىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. خاتا قىلىش، ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلىش، شۇنداقلا قىلغان خاتاسىغا تەۋۋا قىلىشمۇ ئىنساننىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى ھېسابلىنىدۇ. شەرق ھېكمەتلىرىدە «ھەر قانداق ئىنسان خاتا قىلىدۇ، خاتا قىلغانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋۋا قىلغانلاردۇر»، «گۇناھىغا تەۋۋا قىلىپ ئۇنى تەكرارلىماسلىق يولىغا كىرگەن ئادەم گۇناھسىز كىشىلەر بىلەن باراۋەردۇر» دېيىلىدۇ. مۇتەپەككۇر ئۇستاز ئەلىشىر نەۋايى

«توۋا — بەختسىزلىك يولىنىڭ ئاخىرى ۋە توغرۇلۇق يولىنىڭ باشلىنىشىدۇر. ئۇ تەكەببۇرلۇق غەپلىتىدىن سەسكىنىش، ئىنسانلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىش، ئۆزىنىڭ نالايىق ئەھۋالىنى چۈشىنىش، بىھۇدە خۇيىنى تاشلاش، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان يارىماسلىقلارنى ھېس قىلىش، يارىماس نەرسىلەرگە ئىنتىلىش زەرەردىن ساقلىنىش، قەبىھ ئىشلار، شەرمەندىلىك ۋە رەسۋاچىلىق تۈپەيلىدىن خىجالەتكە قېلىشتىن ئاگاھ بولماقتۇر» دەپ تەلىم بېرىدۇ. مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق بىر ئەقىدە بار ئىدى: ھەر قانداق كىشى بىر گۇناھ قىلسا ئۇنىڭ قەلبىدە بىر قارا داغ پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئۆزىنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىنى بىلىپ توۋا قىلسا ئۇ قارا داغ يوغىناپ يوقاپ كېتىدۇ. ئەكسىچە توۋا قىلماي داۋاملىق گۇناھ قىلسا، قارا داغ يوغۇناپ قەلبىنى پۈتۈنلەي قاپلاپ كېتىدۇ. قەلبى قارىداپ كەتكەن ئادەم ئۆلگەندە يۈزىمۇ قارىداپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «قارا يۈز» دېگەن ھاقارەت ئەڭ ئېغىر ھاقارەت، «قارا يۈز بولۇپ كېتەرسەن» دېگەن قاغىش ئەڭ قاتتىق قاغىش ھېسابلىناتتى.

گۇناھ چۈشەنچىسى ھەرگىزمۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى بىر تەرەپلىمە، يۈزەكى ياكى نوقۇل ئېتىقاد بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك تار مەنىدىكى ئۇقۇم ئەمەس. ئۇ ئاددىي ھالدىكى خاتا قىلىش ياكى يامان ئىش قىلىش قىلمىشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئادەمنىڭ روھىي جەھەتتىن كامال تېپىشى، ئەقلىي جەھەتتىن چاقناپ تۇرۇشى، سۈزۈك ۋە ئارامبەخش كەيپىياتقا ئىگە بولۇشى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا شەرەپلىك سىماغا ئايلىنىشى ياكى نادانلىق، غەپلەت، جاھالەت ۋە نادامەت دەردىگە مۇپتىلا بولۇشى ئۇنىڭدا گۇناھ چۈشەنچىسىنىڭ بار - يوقلۇقى، ئۆزىگە بولغان ئىخلاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ سالاھىيىتى ۋە ماھىيىتىنى بەلگىلەشتە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەقىدە نۇقتىسىدىن گۇناھنىڭ كەسكىن رەت قىلىنىپ، ئاقىۋىتىنىڭ ئىنتايىن مۇدھىش بولىدىغانلىقى قاتتىق تەكىتلىنىش بىلەن بىرگە، ئادەم ئۈچۈن يەنە بىر ئىمكانىيەت ئىشىكى ئېچىلغان. ئۇ بولسىمۇ ئادەمگە ئاتا قىلىنغان توۋا پۇرسىتى ئىدى. ئەمما شۇنى مۇتلەق ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، توۋا ھەقىقىي ئىخلاس بىلەنلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئىسلامىيەت دۇنياسىدا «گىگانت پەيلاسوپ» دەپ تەرىپلەنگەن ئەبۇ ھامىد غەززالى (1058 –1111) بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ كەسكىن، تەخىرسىز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن. غەززالى مۇنداق دەيدۇ: «يامانلىقتىن كېيىن ياخشىلىققا قايتىش ئىنسانىي زۆرۈرىيەتتۇر. كىم توۋا قىلسا، ئۆزىنىڭ ئادەملىك ساغلام ئۆزلۈكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلىغان بولىدۇ». «ئەبەدىي ھالاكەتتىن نىجات تېپىپ، ئەبەدىي سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن توۋا زۆرۈر. دېمەك بەخت ياكى بەختسىزلىك چۈشەنچىلىرى بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ياكى ئۇنى تەرك قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ». «بارلىق گۇناھلار ئادالەت مىزانىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ كېلىدۇ». «گۇناھلارنىڭ ئاقىۋىتى قەلبىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ». مېنىڭچە بۇ سۆزلەرنى ئارتۇقچە شەرھىلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

## 3

بىر دانىشمەن، ئاقىللار ئۆمرىنىڭ قانچىلىك قالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆتكەن ئۆمرىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىدىن كۆپرەك ئەندىشە قىلىشى كېرەك، دېگەن ئىكەن. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئادەم دېگەن نامدىن باشقا بەندە، يەنە كېلىپ خام سۈت ئەمگەن بەندە، دېگەن يەنە بىر كۆتۈرۈشلۈك ئاتىقىمىز بار. ئۆزىمىز ھېس قىلايلى ياكى قىلمايلى، كۆپ ئىشلاردا ئۆتكەنگە سالاۋات قىلىپ، ھەممىنى ئۇنتۇپ، كەلگۈسىنىڭ ئىشتىياقىدا مەست بولۇپ ياشاشقا كۆنۈپ كەتكەنمىزنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ. ھاياتىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تىراگېدىيەلەرنىڭ مەنبەسىنىڭ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى خىيالىمىزغا ئاساسەن كەلتۈرمەيمىز.

ۋىجدان دېگەن سۆز كىشىلەر ئارىسىدا كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ سۆزنى ھەر كىم ھەر خىل نۇقتىدىن شەرھىلەيدۇ. مېنىڭمۇ بۇ ھەقتە بەزى تەسىراتلىرىم بار. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ سۆزنىڭ ئەسلى ئۇقۇمىنى ئىزدەپ بەزى لۇغەت، دەستۇرلارنى ئاقتۇرۇپ چىقتىم. مەلۇم بولۇشىچە، ۋىجدان ئەخلاق كاتېگورىيەسىگە تەۋە ئۇقۇم بولۇپ، مەنا جەھەتتىن كىشىنىڭ ئۆز ئىش - ھەرىكىتى، قىلمىشى، يۈرۈش - تۇرۇشى جەھەتتە باشقىلار، ئەل - جامائەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، دەپ ئىزاھلىنىپتۇ ۋە دىيانەت، ئىنساب دېگەن سۆزلەر بىلەن تەڭداش ئورۇنغا قويۇلۇپتۇ. پەلسەپە نۇقتىسىدىن، كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى جەھەتتىن ئۆز - ئۆزىنى نازارەت قىلىش، ئۆز - ئۆزىنى ئاڭلاش قابىلىيىتىنىڭ ئالىي مىزانى دەپ شەرھلىنىپتۇ. ئارىستوتىل «ۋىجدان — ياخشى ئادەمنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمچىسى» دەپ خۇلاسە چىقىرىپتۇ. ئىبن سىنا «ۋىجدان — روھ ۋە پىكىرىمىزنى سەگەكلەشتۈرىدىغان بىرىنچى ئامىلدۇر»، «ساپ ۋىجداندىن باشقا كامىل مىزان بولماس» دەپ تەكىتلەپتۇ. فرانسۇز يازغۇچىسى ۋىكتور ھيۇگو «ۋىجدان — ئەڭ قۇسۇرسىز ئادالەت» دېسە، ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ مورتىمېر ئادلېر «ئۇ بىر خىل ئەخلاقىي سەگەكلىك. بىز ئۇنى ھېس قىلىپ تۇرىمىز، چۈنكى ئۇ بىزنى ھەر دائىم باشقۇرۇپ تۇرىدۇ» دەپتۇ.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ۋىجدان ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ تۈپ مەزمۇنى ۋە چىقىش نۇقتىسى پەقەتلا بىر، ئۇ بولسىمۇ ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئوبرازى، تەقدىرى، نام - نىشانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەت. شۇ سەۋەبتىن بىز ۋىجدان ئۇقۇمىنى ئادەمنىڭ ئۆزى، باشقىلار ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى سەممىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ئېتىقادى، ئىنساب - دىيانىتى، ئەخلاق - پەزىلىتى، ئادالەت - ھەققانىيەت مىزانى، ئا-

www.uyghurkitap.com

لىيجاناب ئىرادىسى، مەنئۋى بايلىقى، ھەق - ناھەق ئۆلچىمى، ئەقلىي ساپاسى، ئىشەنچ، غۇرۇر كاپالىتى، جاھالەت ياكى سائادەت غايىسى قاتارلىق ئىنتايىن كەڭ ۋە زۆرۈر ھايات پرىنسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ياشاش قىبلىنامىسى دەپ قوبۇل قىلساق خاتا قىلغان بولمايمىز. ۋىجداننىڭ يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەت ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ. شۇڭا ھەممە ئادەم ئۆز ۋىجدانىغا خىلاپلىق قىلمىغان ئاساستا ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئۇلۇغۋار مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىش ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر بىر ئادەمنىڭ قىممەت قارىشىدا ئوخشاش بولمىغان پەرقلەر ساقلانغان بولىدۇ. كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆز خاھىشى، ئۆز مەنپەتىنى چىقىش قىلغان ھالدا ھەق - ناھەق، توغرا - خاتا، ياخشى - يامانغا چېتىشلىق بەزى مەسىلىلەرنى بۇرمىلاپ شەرھىلەشكە مايىللىق ھېس قىلىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئەقىدىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنى باشقىلارغا، بولۇپمۇ ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يەكۈن چىقىرىشقا، شۇ ئارقىلىق ئۆز قىلمىشلىرىنى پەردازلاشقا تىرىشىدۇ. مەسىلەن، مەن كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىغانمەن: «ئەخلاقنى تەكىتلەش ياخشى ئىش، ئەمما ئۇنى ھەممىلا يەردە، ھەممىلا ئىشتا قارىقويۇق شىپى كەلتۈرۈش، بولۇپمۇ قەدىمكى زاماننىڭ ئەخلاقى پرىنسىپلىرىنى ھازىرقى زاماننىڭ تۇرمۇشىغا كەلسە - كەلمەس تەدبىقلاشقا ئۇرۇنۇش ئاقلانىلىك ئەمەس»، «ئەخلاق ئۆلۈك نەرسە ئەمەس، ئۇ تەرەققىي قىلىشى، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى كېرەك»، «ئىنساب، دىيانەت ھەر قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىشى كېرەك»، «راست گەپ قىلىش ياخشى، ئەمما ھەممىلا يەردە راست گەپ قىلىش بولسا ئەخمەقانىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ»، «ھارامدىن قورققانلار ھالالدىنمۇ قۇرۇق قالىدۇ»، «بىز تېخى باشقىلار قىلغاننىڭ ئوندىن بىرىنى قىلمىدۇق»، «بىز ۋىجدانسىزلارنى ئەيىبلەيمىز-يۇ، بەربىر شۇلار بىلەن ئوخشاش ھاۋادىن نەپەسلىنىمىز». بۇنداق مىساللارنى يەنە كۆپلەپ كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئەمما ئىشەنچىم كامىلكى، بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى سىزمۇ داۋاملىق ئاڭلاپ تۇرغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئادەم ئۆز قەلبىگە قۇلاق سېلىشنى بىلمىسە، ئۆزىنىڭ ئىنساب - دىيانىتىنى ئەستىن چىقارسا، ئىنسانىي سۈپەتلىرىدىن يىراقلاشسا ئەلۋەتتە بۇنداق گەپلەرنى دېمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

باشقىلارغا يول كۆرسىتىش، باشقىلارغا تەلەپ قويۇش، باشقىلارغا باھا بېرىش ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئاسان، شۇنداقلا ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش ھېسابلىنىدۇ (مېنىڭ مۇشۇ قۇرلارنى يېزىشىممۇ مۇشۇنداق خاھىشلاردىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە). مىڭ ئەپسۇسكى، ئۆزىگە يول كۆرسىتىش، ئۆزىگە تەلەپ قويۇش، ئۆزىگە باھا بېرىش بولسا بەسى مۈشكۈل، بەسى قىيىن ئىمتىھاننى ئەسلىتىدۇ. ئۆزىنى بىلىش ياكى بىلمەسلىكتىن ئىبارەت ھەل قىلغۇچ ئامىل ئادەمنىڭ ۋىجدان جەھەتتىن ئويغاق ياكى غەپلەت باسقانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. دانىشمەن سوقرات بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىم ئۆزىنى بىلسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، خۇددى شۇنىڭدەك، نېمىگە قادىر ۋە نېمىگە قادىر ئەمەسلىكىنى ئېنىق چۈشىنىدۇ. بىلىدىغان نەرسىلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدۇ ۋە بەختىيار ياشايدۇ. بىلمىگەن نەرسىلەرگە ئارىلاشماي، خاتالارغا يول قويمايدۇ ۋە بەختسىزلىكتىن چەتنەپ ئۆتىدۇ. شۇ تۈپەيلىدىن ئۇ يەنە باشقىلارنىڭ باھاسىنىمۇ بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ پايدا ئالىدۇ، ئۆزىنى بەختسىزلىكلەردىن ساقلايدۇ.» سوقراتنىڭ بۇ سۆزلىرىنى بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يۈز يىللار بۇرۇن ئېيتقانلىقىنى نەزەرگە ئالساق، ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئۆزلۈك چۈشەنچىسى ھەققىدىكى مەسىلىنىڭ قەدىمدىن باشلاپلا تەخىرسىز ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بايقايمىز.

پسىخىك جەھەتتىن ساغلام ئادەم ئېتىقاد، ئىرادىسى تەۋرىنىپ قالسا، قىلمىش - ئەتمىشلىرى، گەپ - سۆزلىرى مۇئەييەن ئەخلاقى چەكتىن ھالقىپ كەتسە، روھىي جەھەتتىن بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ، دىلى خىرەلىشىدۇ، ئېڭىدا گۇناھ تۇيغۇسى، خىيالىدا نادامەت شەپىسى باش كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ. بۇنى كىشىلەر «ۋىجدان ئازابى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ۋىجدان ئازابىنىڭ مەنبەسى خۇددى ۋىجدان سۆزىنىڭ مەناسىغا ئوخشاش كەڭ دائىرىلىك، كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ. ئۇ نوقۇل بىر كىشىنىڭ شەخسىي ئىرادىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان ماكان ۋە زامانغا تۇتقان پوزىتسىيەسىمۇ ئۇنىڭ ۋىجدانى جەھەتتىن ئازاپ ھېس قىلىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق ئادەمنىڭ روھىدا ھەر ۋاقىت بىر خىل ئازاب تۇيغۇسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ تۇيغۇ ئۇنى ئۆز ئەقىدىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا، ئۆز بۇرچىنى ئۆتەشكە، ئۆزىدە ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتا ساغلام كەيپىيات بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە، شۇ ئارقىلىق ۋىجدانىي جەھەتتىن پاكلىنىشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ. بۇ جەھەتتىن ھەر بىر كىشىنىڭ ۋىجدان ئازابىي يەنى ئازاب تۇيغۇسىنى قەدىرلەشكە، ئىجابى نۇقتىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. تەتقىقاتچىلار كۆپ ھاللاردا رەسساملار، مۇزىكانتلار ۋە يازغۇچى، شائىرلارنى روھىي جەھەتتە ئۆزىگە ئەڭ يېقىن، ئەڭ سەزگۈر، ئازاب ئېڭى ئەڭ كۈچلۈك كىشىلەر دەپ قارىشىدۇ.

ئۇنداقتا ۋىجدان ئازابىنى ھېس قىلمايدىغان كىشىلەرمۇ بولامدۇ؟

ئەسلى يارالمىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا بۇنداق كىشىلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئۇنى ھېس قىلىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ۋە ۋاقىت جەھەتتە ئىلگىرى - كېيىنلىك نۇقتىسىدىن بۇنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. ناۋادا شۇنداق ئادەم بار دەپ قارالسا، ئۇ جىسمانىي جەھەت-

تىن تىرىك بولسىمۇ، روھي جەھەتتىن
ئاللىقاچان ئۆلگەن ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق
كىشىلەر جەمئىيەت ئۈچۈن قورقۇنچلۇق
ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. ھەر قايسى تارى-
خىي دەۋرلەردە ئۆتكەن ئەشەددىي زا-
لىملار، شەپقەتسىز قاتىللار، ئۆز ئاتا -
ئانىسىغا تىغ كۆتۈرگەن خۇمسىلار، مىل-
لەت، ۋەتەنىنىڭ خائىن - ساتقىنلىرى
ئەنە شۇنداق كىشىلەر جۈملىسىدىندۇر.

بۇرۇنقى زاماندا بىر كىشى ئايرى-
غىلى ئۇزاق بولغان ئۇستازىنى يوقلاپ
بېرىپتۇ. ئۇ ئۇستازىنىڭ سۇلغۇن، مىس-
كىن چىرايىغا قاراپ ئىچى ئاغرىغان
ھالدا «قانداقراق ياشاۋاتىسىز؟»دەپ
سوراپتۇ. ئۇستازى ئېغىر ئۇھ تارتىپ
تۇرۇپ: «ھەر كۈنى قانداقتۇر بىر
ئەندىشە، ساراسىمە ئىچىدە ياشاۋاتى-
مەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شاگىرتى
ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىكەن،
ئۇستاز: «سەۋەبى ئىنتايىن ئاددى. ھەر
كۈنى ئورنۇمدىن تۇرغاندا ئۆز ئەقى-
دەمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىدىممۇ -
يوق؟ نىيىتىم دۇرۇس بولالىدىمۇ؟ ئوي-
لىغانلىرىم بىلەن سۆزلىگەنلىرىم بىر
يەردىن چىقىۋاتامدۇ؟ ئىش - ئەمەلىم
ئىخلاسىمغا توغرا كېلىۋاتامدۇ؟ ئۆز
بۇرچۇمنى قانچىلىك دەرىجىدە ئادا
قىلالىدىم؟ ئەتراپىمدىكىلەرگە يۈز كېلە-
لەمدىم - يوق؟ ناۋادا ئۆلۈپ كەتسەم
مېنى ئويلايدىغان كىشى چىقارمۇ؟ دې-
گەندەك سوئاللار مېنى چىرمىۋالىدۇ.
ئاخشىمى ئۇخلاشتىن بۇرۇنمۇ شۇنداق
سوئاللار خىيالىمدىن نېرى كەتمەيدۇ»
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئادەم ئۆزىنى ئە-
نە شۇنداق سوئاللار بىلەن دەككىسەپ،
ئازاب تۇيغۇسىنى ھېس قىلىپ ئەندىشە،
ئېھتىيات بىلەن ياشىغاندىلا ۋىجدانىغا
يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ قو-
يۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇ گۇناھ
تۇيغۇسىغا پېتىش، ۋىجدان ئازابى تار-
تىش، ئەلنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچراشتىن
كۆپ ئاسان ئىش ھېسابلىنىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، كۈنلەرنىڭ
بىرىدە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق كىم-
نىڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى
ھەققىدە مۇنازىرىلىشىپ قاپتۇ. يامانلىق
ئالدى بىلەن مۇنداق دەپتۇ: «ئەي
ياخشىلىق، مەن سېنىڭدىن ئۈستۈن تۇ-
رىمەن، سېنىڭدىن كۈچلۈكمەن. شۇڭا
مەن تەرەپتىكى ئادەملەر كۆپ.» ياخ-
شىلىق ئۇنىڭغا جاۋابەن: «ياق، مەن
بەرىبىر سەندىن ئۈستۈن تۇرىمەن،
سەندىن كۈچلۈكمەن. مەن تەرەپتىكى
كىشىلەر ئاز بولۇشى مۇمكىن. لېكىن
ئۇلار ھەقىقى كۈچلۈكلەردۇر» دەپتۇ.
ئەمما يامانلىق بۇنىڭغا قايىل بولماپتۇ.
ئۇلار تالىشىپ - تالىشىپ بىر يەرگە كې-
لەلمەي، بۇنىڭ توغرا جاۋابىنى ۋىج-
داندىن سوراش قارارىغا كېلىشىپتۇ.
ئۇلار بىرلىكتە ۋىجدانىغا ئىلتىجا قىلى-
شىپتۇ: «ئەي ۋىجدان، ئېيتقىنچۇ، ياخ-
شىلىق ئۈستۈنمۇ ياكى يامانلىق ئۈس-
تۈنمۇ؟» ۋىجدان جاۋاب بېرىپ مۇنداق
دەپتۇ: «توغرا، ئادەملەرنىڭ كۆپرەكى
يامانلىق تەرەپتە بولۇشى مۇمكىن. لېكىن
يامانلىقنى ھېچكىم تىلىغا ئالغۇسى، ئەستە
ساقلىغۇسى كەلمەيدۇ. ئىمكان بار ئۇنى
ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشىدۇ. ياخشىلىق
تەرەپتىكىلەر ئاز بولسىمۇ، ئۇلار ئۇن-
تۇلمايدۇ. چۈنكى ياخشىلىقنى ھەممە ئا-
دەم ئەستە ساقلايدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ
ۋىجدانى ياخشىلىق تەرەپتىدۇر. يامانلىق
قانچىلىك ئۈستۈن ئورۇندا تۇرسۇن،
ياخشىلىق ھامان ئۇنى يېڭىپ چىقىدۇ.»

ھەزرەت نەۋايى ياخشىلىق ۋە يا-
مانلىق ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى سەمى-
مىزگە سالىدۇ: «ياخشى ئادەمدىن يا-
مانلارمۇ يامانلىق كۈتمەس، ياخشى ئا-
دەم يامانلاردىنمۇ ياخشىلىقنى ئايىماس.
ياخشىلىق قىلالمىساڭ يامانلىقمۇ قىلما.
ياخشىلىقنى يامانلىقتىن ياخشى دەپ بىل-
مىسەڭ، يامان دەپمۇ بىلمە. ياخشىلىق
قىلىشنى بىلمىسەڭ، ياخشىلارغا قوشۇل.
ياخشىلىق ئەتراپىدا ئايلىنالمىساڭ، ياخ-
شىلار ئەتراپىدا ئايلان.»

## 4

2002 - يىلى قىشتا يېزىلغان
«ئۆزۈمگە قايتىش» دېگەن شېئىرىمدا
مۇنداق مىسرالار بار ئىدى:

چەكسىز ماكان، چەكسىز سۈكۈنات،
چەكسىز تىلەك، چەكسىز تىڭىرقاش.
چەكسىزلىكتە سەزدىم تۈنجى رەت،
چەكسىز گۇمان، چەكسىز يېتىرقاش.
مەن دېگەن كىم، مېنىڭدىن بۆلەك،
قېنى ئاشۇ مېنىڭدىكى مەن؟
مېنى ئوراپ تۇرغىنى بەلكىم،
بىر قەدىمي تاشلاندۇق كېپەن.

بۇ مىسرالارنى روھي جەھەتتىن
قانداق شارائىتتا، قانداق ھېسسىياتنىڭ
تۈرتكىسى بىلەن يازغانلىقىمنى ھازىر
ئەسلىيەلمەيمەن. شۇنداقتىمۇ بۇ مىس-
رالاردىكى سۆزلەرنى تاشقى مەنا جە-
ھەتتىن پەرەز قىلغاندا، شېئىردا چەكسىز
ماكان، يەنى دۇنيا؛ چەكسىز سۈكۈنات،
يەنى سىقىلىش؛ چەكسىز تىلەك، يەنى
ئۈمىدۋارلىق؛ چەكسىز تىڭىرقاش، يەنى
ساراسىمە ئىلكىدىكى مەن ئۆزىدە تۇنجى
قېتىم چەكسىز بىر گۇمان، چەكسىز بىر
ياتلىششىنى سېزىدۇ. ئۆزىدە يەنە بىر
مەنىنىڭ بارلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئۇ
ھەيرانلىق ئىلكىدە: «مەن دېگەن كىم،
مېنىڭدىن بۆلەك، قېنى ئاشۇ مېنىڭدىكى
مەن؟» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەلۋىلەرچە
خىتاب قىلىدۇ. ئەمما بۇ خىتابنىڭ ئۆ-
زىگىلا مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى، بۇ خىتاب
بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا قارىمۇ
قارشى يۆنىلىشتە «مەن كىم؟» دېگەن
يەنە بىر خىتابنىڭ ياڭراۋاتقانلىقىنى(بۇ
ھالەت ئادەمنىڭ تاغقا قاراپ ۋارقىرى-
غاندىكى ئەھۋالغا ئوخشاپ كېتىشى
مۇمكىن) سەزگەندەك بولىدۇ-دە، ئۇ-
زىنى ئوراپ تۇرغان نەرسىنىڭ ئەمەلى-
يەتتە «تاشلاندۇق كېپەن»دىن باشقا
نەرسە ئەمەسلىكىنى تەخمىن قىلىشقا
باشلايدۇ. بۇ ئىككى كۇپلېت شېئىرنى
يەنە بىر جەھەتتىن مەن بىلەن ئىچكى
مەنىنىڭ دىيالوگى دېيىش مۇمكىن. بو-
لۇپمۇ ئىككىنچى كۇپلېتتا مەن بىلەن
ئىچكى مەن قايچىلىشىپ كەتكەن. ئەگەر
ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالساق، ئۇ
ئىچكى مەنىنىڭ مەنگە قىلغان نىدالىرى
سۈپىتىدە ئايان بولىدۇ. «مېنى ئوراپ
تۇرغىنى بەلكىم، بىر قەدىمى تاشلان-
دۇق» دېگەن مىسرالار ئەنە شۇ نۇقتىنى
دەلىللەپ بېرىدۇ. بۇ پەقەت بىر خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇلاھىزىنىڭ نەتىجىسى. ھەرقانداق
بىر شېئىر ھەققىدىكى تەھلىلنى شۇ
شېئىر ھەققىدىكى ئاخىرقى يەكۈن دەپ
قارىغىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ مۇ-
شۇنداق نەتىجە مېنىڭ ئەينى چاغدىكى
تەسەۋۋۇرۇمغا، ھېسسىياتىمغا ياكى
شېئىرنى يېزىشتىكى مەقسىتىمگە مەلۇم
دەرىجىدە ئۇيغۇن كېلىشى مۇمكىن.
مۇشۇلارنى نەزەرگە ئالغاندا بۇ شې-
ئىرنى مېنىڭ مېنىڭدىكى مەن بىلەن
بولغان بىر قېتىملىق روبىرو بولۇشقا
ئۇرۇنۇشۇمنىڭ مەھسۇلى دېيىش
مۇمكىن. شېئىر مۇنداق مىسرالار بى-
لەن ئاخىرلىشىدۇ:

سوئاللارغا سوئال قوشۇلۇپ،
تۇرغىنىمدا ئازابتىن مۇزلاپ،
چەكسىزلىكتىن ياڭرىدى ئەجەم،
مېنى چەكسىز باغرىغا چىللاپ.

ئويلاش، پىكىر قىلىش، تەپەك-
كۇر قىلىش سالاھىيتىنى يوقاتمىغان
ئادەم ھەر ۋاقىت سوئاللار قورشاۋىدا
ياشايدۇ. نۇرغۇن سوئاللار جاۋابسىز
قالىدۇ. جاۋابسىزلىق ئادەمنى ئا-
زابلايدۇ، ئازابنىڭ تېگى يەنە سو-
ئاللارغا تۇتىشىپ كېتىدۇ. شېئىردىكى
ئەجەم مېنىڭ كىملىكىمگە ۋەكىللىك
قىلىدۇ. ئۇ مېنى باغرىغا، چەكسىز
كەتكەن ئۆزلۈك ئالىمىگە چىللايدۇ.
مەن ئەجەمنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئۆز
روھىمنىڭ ساداسىنى، ئۆز ئاۋازىمنى
ئاڭلىغاندەك بولىمەن. بۇ مېنىڭ شې-
ئىر ئىجادىيىتىمدىكى بىر قېتىملىق
ئەھمىيەتلىك ئۇرۇنۇشنىڭ قىممەتلىك
يالدامىسى.

ھېلىھەم بەزىدە ئۆزۈم ھەققىدە
چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ قالىمەن.
كەچمىشلىرىمنى چامامنىڭ يېتىشىچە
دەڭسەپ كۆرۈشكە ئۇرۇنىمەن. شۇنى
ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەنكى، بۇ
جەرياندا مېنى سۆيۈندۈرىدىغان تۇي-
غۇلاردىن بىئارام قىلىدىغان تۇيغۇلار-
نىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقايمەن.
ياخشىلىقلىرىمنى، پەزىلەتلىرىمنى، نە-
تىجىلىرىمنى گەۋدىلەندۈرۈشكە قاد-
چىلىك زورىقىشىمدىن قەتئىينەزەر،
سەۋەنلىكلىرىم، ئەيىپ ـ نۇقسانلى-
رىم، قولدىن بېرىپ قويغان پۇرسەت-
لىرىم دىلىمنى ئېزىپ، يۈزۈمنى خىرە-
لەشتۈرىدۇ. ئېتىقاد، ئىرادە، نىيەتلى-
رىم تۇرلۇك ۋەسۋەسە، تۇرلۇك
سەۋدا ۋە تۇرلۇك خاھىشلىرىمنىڭ بو-
يۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنلى-
كى ئايان بولىدۇ. باسقان ھەر بىر ئى-
زىمنى غايىپ بىر كۆلەڭگىنىڭ تەقىپ
قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن
قۇتۇلۇش، ئۆز ماھىيىتىمنى تېپىۋې-
لىش، ئۆز ئەركىنلىكىمنى قولغا كەلتۈ-
رۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ يې-
تىمەن. ئەمما مېنىڭ ئېرىشىدىغىنىم،
ئادەمنىڭ تۈگىمەس زىددىيەت بىلەن
تولۇپ تاشقانلىقى، ھاياتنىڭ ھەممىلا
تەرىپىنىڭ گۈل ـ چېچەككە پۈركىنىپ
تۇرمايدىغانلىقى، يازدىن كېيىن قىشنىڭ
ئىز بېسىپ يېتىپ كېلىدىغانلىقى، كۈن-
دۈزنىڭمۇ كېچىسى بولىدىغانلىقىدىن
ئىبارەت ئاددىي يەكۈن بىلەن كۇپايى-
لىنىدۇ. رەھىمسىز سوئاللارنىڭ قور-
شاۋىدا تىلىمنىڭ قىسقىلىقىدىن قىينىل-
مەن. ئەنسىزلىك ئىچىدە ئەتراپىمغا
نەزەر تاشلايمەن. ئۆزۈممۇ سەزمىگەن
ھالدا پېشانەمنى سوغۇق تەر باسىدۇ.
مەن پەقەت ئۆزۈمنى ئاجىزلىق تامغۇ-
سى بىلەن بەزلەشكە مەجبۇر بولىمەن.

ھاياتتا نۇرغۇن دوقاللارغا دۇچ
كېلىمىز، نۇرغۇن تاللاشقا مەجبۇر بو-
لىمىز. بىزنىڭ خالاش ياكى خالىماسلى-
قىمىزدىن قەتئىينەزەر نۇرغۇن تېڭىر-
قاش، نۇرغۇن ئەندىكىش، ھەتتا نا-
دامەتلەر بىزنى كۈتۈپ تۇرغان بولى-
دۇ. بىز ئۆزىمىزنى ھەقىقەت يولىدا
ئىزدەنگۈچى ھېسابلايمىز. لېكىن ھە-
قىقەتنىڭ بىزدىن قانچىلىك يىراقتا ئى-
كەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك
بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى
بىلمەيمىز. بىز ئېتىقادىمىزنىڭ مۇقەد-
دەس ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنگەن
ھالدا ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتا ئى-
رادىمىزنىڭ تەۋرىنىپ قېلىۋاتقانلىقى-
نى، ئەقىدە ھەققىدە قانچىلىك كۈچەپ
داۋراڭ سالغىنىمىز بىلەن بەزىدە ئۇ-
نىڭ بىر چەتكە قايرىلىپ قالىدىغانلى-
قىنى ئاز ـ تولا سېزىپ تۇرىمىز.
يۈكسەك ئەخلاقىي تەشەببۇسلارنىڭ
ئالدىنقى قاتاردىكى بايراقدارلىرىدىن
بولۇشىمىزغا قارىماي باشقىلارنىڭ
ئالدىدا ئىش ـ ئەمەللىرىمىز چېنىپ
قالىدىغان چاغلار بولىدۇ. بىلىپ ـ
بىلمەي نىيىتىمىزگە، دىلىمىزغا چاڭ ـ
توزان قونۇپ قالىدۇ. ئادالەتنى ھىما-
يە قىلالماسلىق، راست گەپنى ئېيتىشقا
جۈرئەت قىلالماسلىق، ۋەدىسىدە تۇ-
رالماسلىق، ئۆزىنى چاغلىيالماسلىق قا-
تارلىق ئەيىپ ـ نۇقسانلارنىڭمۇ بىز-
نى ئەگىپلا يۈرۈيدىغانلىقىنى نەزەردىن
ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋە-
بتىن كۆپ ھاللاردا ئۆزىمىزگە ئوخشى-
ماي قالىمىز.

«گۇمان ــ ئەقىلنىڭ ئاچقۇچى»
دېگەن گەپ بار. بىزنىڭ ئۆزىمىزدىن
گۇمانلىنىشقا باشلىغان چېغىمىز، بەل-
كىم ئۆزلۈك مەنزىلىمىزنىڭ باشلىنىش
نۇقتىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. قۇ-
ياشنىڭ ھەر كۈنى سەھەردە گويا ئوت
يالقۇنى ئىچىدىن چىققاندەك قىزى-
رىپ، ئۆرتىنىپ چىقىشى، ئالەمنىڭ
غەپلەتتىن ئويغىنىشى، يېڭى بىر ھاياد-
لىق سەپىرىنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك
بەرسە ئەجەب ئەمەس. دوستۇم، ئې-
سىڭىزدە بولسۇنكى، ھاياتىڭىزنى قاي-
تىدىن باشلاش قولىڭىزدىن كەلمىسە-
مۇ، روھىڭىزنى ئويغىتىش، ۋىجدانى-
ڭىزنى نۇرلاندۇرۇش، ئەقىدىڭىزنى
پاكلاش ئارقىلىق ئەسلىي مەنىدىكى
ئۆزىڭىزگە يۈزلىنىپ، ئۆزىڭىزنى ئۆ-
زىڭىز قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە
قولىڭىزدىن كېلىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كىشى
چۆلدە ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىۋات-
قان بىر كىشىنى ئۇچرىتىپ قېلىپ سو-
راپتۇ: «سەن كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتى-
سەن؟» ئۇ جاۋاب بېرىپتۇ: «مەشۇقۇم
بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن.» «بۇ يەردە
سەندىن باشقا ئادەم يوق تۇرسا نەدى-
كى مەشۇقۇڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتى-
سەن؟» «مەشۇقۇم مېنىڭ تېنىمدا ئە-
مەس ئىچىمدە، جېنىم بىلەن بىرگە.»

(2015 ـ يىلى نويابىر ئۈرۈمچى)

مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئېلخەت: qashtash@126.com



# ھېكمەت تەمچىلىرى

◉ ئابدۇقەييۇم ئېلى

## ئىشنىڭ نەتىجىسى تەدبىردە

ئاندىرو ئەپەندى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سودىگەر. ئۇ ئادەتتىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ خىزمەتچىلىكىدىن كۆپ يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق ئۆز شىركىتى ۋە خىزمەت بىناسى بار، ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن زاتقا ئايلانغان .

بىر كۈنى ئاندىرو ئەپەندى ئەمدىلا بىنادىن چىقىشقا ئارقىسىدىن بىر ئەمانىڭ ھاسىسىنى توكۇلداتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپتۇ. ئەما ئالدىدا ئادەم بارلىقىنى پەملەپ تېتىكلىشىپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ .

— ھۆرمەتلىك ئەپەندىم، كۆرگەنسىز. مەن بىر ئەما، ئاز - تولا ۋاقتىڭىزنى ئالسام بولارمۇ ؟

— مۇھىم يىغىنىم بار ئىدى. ھەرقانداق گېپىڭىز بولسا چاپسان دەڭ ، — دەپتۇ ئاندىرو ئەپەندى.

ئەما سومكىسىنى بىر ھازا ئاختۇرۇپ بىر تال چاقماقنى چىقىرىپ :

— ئەپەندى بۇ ئېسىل چاقماق، ئارانلا بىر دوللار، ئېلىپ قويىسىڭىز ، — دەپتۇ.

ئاندىرو ئەپەندى يانچۇقىدىن بىر دوللار پۇل چىقىرىپ ئەماغا بېرىپ دەپتۇ :

— مەن تاماكا چەكمەيمەن، لېكىن سىزگە ياردەم قىلغىنىم بولۇپ قالسۇن، لېفتچى يىگىتكە بېرەرمەن.

ئەما پۇلنى سىلاپ100 دوللارلىق پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇڭ - تەتۈر ئۆرۈپ:

— رەھمەت ئەپەندىم، سىز مەن ئۇچراتقان ئەڭ مەرد، سېخىي باي. ھەققىڭىزدە دۇئا قىلىمەن. تەڭرى سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — دەپتۇ ھاياجان بىلەن.

ئاندىرو ئەپەندى كۈلۈپ قويۇپ ماڭغىلى تەمشىلىپتۇ. لېكىن ئەما ئۇنى توختىتىۋېلىپ دەپتۇ :

— سىز بىلمەيسىز، مەن تۇغما ئەما ئەمەس ئىدىم. 23 يىل ئىلگىرى بورۇدۇندىكى بىر قېتىملىق پارتلاشتا...

— سىز ئاشۇ خىمىيە سانائەت زاۋۇتىدىكى پارتلاشتا ئەما بولۇپ قالغانمۇ ؟

— شۇنداق، شۇنداق، — دەپتۇ ئەما ئۇ ئەھۋالدىن خەۋىرى بار بىرىگە يولۇققىنىدىن خۇشال بولۇپ، — سىزمۇ بىلىدىكەنسىز ، 93 ئادەم ئۆلگەن، نەچچە يۈز ئادەم يارىلانغان چوڭ بالا - قازا بولغانىدى، — ئەما ئۆز قىسمىتى ئارقىلىق قارشى تەرەپنى تەسىرلەندۈرۈپ تېخىمۇ كۆپ پۇل ئۈندۈرمەكچى بولدىمۇ ، ئەزۋەيلەپ سۆزلەپلا كەتتى، — قاراڭ، مەن نېمە دېگەن بىچارە، ئۆيۈم يوق، قارايدىغان ئادىمىمۇ يوق. بىر ۋاقلىقىمغا تاپسام كېيىنكىسىگە يوق. ئۆلۈپ كەتسەممۇ ھېچكىم بىلمەيلا قالار ھەقچان، سىز ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنى بىلمەيسىز. ئوت خۇددى دوزاختىن كۆتۈرۈلگەندەك لاۋۇلداپ تۇردى. ھەممە يەر پاتپاراقچىلىق، مېنىڭ بالادا ئىشىك تۈۋىگە كەلسەم بىر دارازا ئارقامدىن: «مەن تېخى ياش، مېنىڭ ئۆلگۈم يوق، ئالدى بىلەن مەن چىقىۋالاي» دېگىنىچە تارتىپ، بېشىمغا دەسسەپ دېگۈدەك چىقىپ كەتتى. ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن، ئېسىمنى بىلسەم قارىغۇغا ئايلىنىپ بولۇپتىمەن. تەقدىر بەك ئادالەتسىزكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاندرو ئەپەندى سوغۇققانلىق بىلەن:

— ئىش ئۇنداق ئەمەسقۇ دەيمەن. ئەكسىچە بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟ — دەپتۇ. ئەما چۆچۈپ، كۆرمەس كۆزىمۇ كېردىلىپ كېتىپتۇ.

— مەنمۇ شۇ زاۋۇتنىڭ ئىشچىسى ئىدىم، — دەپتۇ ئۇ دانىمۇ دانە قىلىپ، — ئۈستۈمگە دەل سىز دارازا دەسسەپ چىقىپ كەتكەن ئىدىڭىز. سىز دېگەن شۇ گەپلەر هازىرمۇ ئېسىمدە ...

ئەما بىر هازا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن تۇساتتىن ئاندرو ئەپەندىنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ:

— مانا بۇ تەقدىر، ئادالەتسىز تەقدىر، سىز ئىچىدە قېلىپ كاتتا ئادەم بولۇپ كېتىپسىز. مەن سىزگە دەسسەپ چىقىپ كېتىپمۇ بىر كېرەكسىز قارىغۇ بولۇپ قاپتىمەن ...

ئاندرو ئەپەندى ئەمانىڭ قولىنى زەردە بىلەن سىلكىۋېتىپ، قولىدىكى پالما دەرىخىدىن ياسالغان سىپتا هاسىسىنى سىلكىپ قويۇپ دەپتۇ:

— بىلىپ قويۇڭ، مەنمۇ ئەما، سىز قىسمىتىڭىزگە تەن بەرگەن، ئەمما مەن تەن بەرمىدىم.

ئوخشاش بەختسىز پېشكەللىك، مەغلۇبىيەت ئىچىدە بەزىلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، يەنە بەزىلەرنىڭ قول قوۋۇشتۇرۇپ نىجادلىق تىلەپ شۈمشىيىپ تۇرۇشى هەرگىزمۇ ئاتالمىش تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئەمەس، بەلكى تىرىشىپ كۈرەش قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسى، دانالىرىمىز بۇ هەقتە: «جاهاندىكى ئىشلار تەقدىرگە باغلىقتۇر، ئەمما ئۇنىڭمۇ تەدبىرى باردۇر» دەيدۇ.



## مېھىر-مۇھەببەت — دۇنيانىڭ قۇياشى

فلېيمىك ئىسىملىك شوتلاندىيەلىك بىر دېھقان ئېتىزدا ئىشلەۋاتسا يېقىنلا يەردىكى بىر سازلىقتا بىرىنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. فلېيمىك بېرىپ قارىسا، بىر ئوغۇل بالا سازلىققا چۈشۈپ كەتكەنىكەن، ئۇ بالىنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ.

نەچچە كۈن ئۆتۈپ هېلىقى بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بىر يېڭى پەيتۇن بىلەن فلېيمىكنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بالىسىنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىغا كۆپ رەهمەت ئېيتىپتۇ هەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلىنى بىلدۈرمەكچى بوپتۇ.

— بالىنى قۇتقۇزۇۋالغىنىم ئۈچۈن سىلەردىن هەق ئالامدىم؟ — دەپ فلېيمىك زادى ئۇنىماپتۇ، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى كىرىپ كەپتۇ. فلېيمىك ئۇنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى پەخىرلىنىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— مۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ هېلىقى مۆتىۋەر، — مەن بالىڭىزنى قېشىمغا ئاپىرىپ ياخشى ئوقۇتاي، جەزمەن سىز تېخىمۇ پەخىرلەنگۈدەك ئادەم قىلىپ تەربىيەلەشكە كاپالەت بېرىمەن.

دېھقان بىردەم تۇرۇۋېلىپ ماقۇل بوپتۇ. كېيىن سان ماردىما تېببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، دۇنياغا داڭلىق دوختۇرغا ئايلانغان هەم پېنسىلىن ئىجاد قىلغان كېنەز فلېمىك ئالېكساندىر دەل مۇشۇ دېھقاننىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ 1944 - يىلى كېنەزلىك ئۇنۋانىغا، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. كېيىنكى يىللاردا هېلىقى مۆتىۋەرنىڭ سازلىققا چۈشۈپ كەتكەن ئوغلى ئۆپكە يالْلۇغىغا گىرىپتار بولغاندا، ئۇنى دەل پېنسىلىن قۇتقۇلدۇردى. هېلىقى مۆتىۋەر بولسا پارلامېنتنىڭ يۇقىرى پالاتا ئەزاسى، كېنەز، ئەنگلىيە سىياسىيونى چېرچىل ئىدى. بۇ هەقتە يەنە مۇنداق بىر هېكايە بار:

سوغۇق بىر ئاخشىمى، كىچىككىنە بىر مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا ياشانغان بىر جۈپ ئەر - ئايال تۇرغانىدى. ئەمما ئۇ مېھمانخانىمۇ تولۇپ كەتكەنىدى.

— بۇ بىز ئىزدەپ كەلگەن 16 - مېھمانخانا، هەممىسىلا تولۇپ كېتىپتۇ، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ — دەپ غودۇڭشىپتۇ سوغۇقتا دىرىلدەپ تىترەپ تۇرۇپ.

مېھمانخانىنىڭ كۈتكۈچىسى سىرتنىڭ زەهەردەك ئاچچىق سوغۇقىغا ۋە بۇ ياشىنىپ قالغان بوۋاي-مومايلارغا قاراپ قويۇپ:

— ئەگەر بىئەپ كۆرمىسەڭلار، بۈگۈن كېچە مېنىڭ كارىۋىتىمدا قونۇپ قېلىڭلار، مەن يەردىلا يېتىۋېرىمەن، — دەپتۇ.

ئەر - ئايال ئىككەيلەن ئىنتايىن خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئۇلار ياتاق پۇلىنى تۆلىمەكچى بولغانىكەن، هېلىقى يىگىت قەتئىيلا رەت قىلىپ ئۇنىماپتۇ. ماڭار چېغىدا ئۇلار يىگىتكە چاقچاق قىلىپ:

— ئەسلىي بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىلارغا باش دىرېكتور بولىدىغان يىگىتكەنسىز، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتىغۇ بەك ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ يىگىتمۇ ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن كۈلۈپ، — قېرىپ قالغان ئانامنى ئوبدانلا باقالايتتىم.

ئىككى يىلدىن كېيىنكى بىر كۈنى يىگىت نيۇيوركتىن كەل-

گەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. خەتتە بوۋاي - مومايلار ئۇنى نيۇيوركقا تەكلىپ قىلىپ، بېرىپ - كېلىش ئايروپىلان بېلىتىنمۇ قوشۇپ ئەۋەتكەنىدى.

يىگىت نيۇيوركقا كەلگەندىن كېيىن بوۋاي - مومايلار ئۇنى بەشىنچى كوچا بىلەن 35 - كوچا كېسىشكەن جايدىكى ھەشەمەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ:

— بۇ سىز ئۈچۈن سالدۇرغان بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانسارايى، ھازىر سىزنى رەسمىي باش دىرېكتورلۇققا تەكلىپ قىلىمىز، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككى يىل ئاۋۋالقى ئاددىيلا بىر ياردەم يىگىتنى كاتتا ئىمتىيازغا ئىگە قىلىپتۇ. بۇ داڭلىق ئوستۇرىيە مېھمانخانىسىنىڭ دىرېكتورى جورج باففىت ۋە ئۇنىڭ شاپائەتچىسى ئەر - خوتۇن ۋىلىياملار ئوتتۇرىسىدىكى راست ھېكايە.

بۈيۈك شائىر ئەلىشىر ناۋايى: «ئەگەر سەن ھەقىقى ئادەم بولىدىغان بولساڭ، باشقىلارنىڭ غېمىنى يېمىگەن ئادەمنى ئادەم سانىما» دەيدۇ. دېمەك تۇرمۇشتا باشقىلارغا ياردەم قىلغانلىق ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە ياردەم قىلغانلىق باشقىلارغا بېرىلگەن ياردەم ئۆزىڭىزگە سېلىنغان روھى جەھەتتىكى مەبلەغدۇر. ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ئۆسۈمى بىلەن قايتىپ كېلىدۇ. شۇڭا ھاياتىمىزدا قايسى جەھەتلەردىن بولسۇن باشقىلارغا سەمىمى ياردەم قېلىشنى، باشقىلارغا چىن مېھرىمىز بىلەن قاراشنى، ئۇلارنىڭ چېھرىدىكى تەبەسسۇمدىن تەڭ ھۇزۇرلىنىشنى ھەقىقى بەخت دەپ قارىيالىساق دۇنيا تېخىمۇ گۈزەل، ئادەملەر تېخىمۇ ئىناق، ھاياتىمىز كۈنسېرى ئەھمىيەتلىك بولىدۇ.



## بەخت ھەۋەستە ئەمەس، قەدىرلەشتە

دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا بىر پادىچى بىلەن بىر دېھقان ئولتۇرىدىكەن. پادىچى قارشى قىرغاقتىكى دېھقانلارنىڭ كۈن چىققاندىن تارتىپ، تاكى كۈن ئولتۇرغىچە ئىشلەپ، ئاندىن ئارام ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بەك مەنىلىك ئىكەن دەپ ئويلاپ بەكمۇ ھەۋەس قىلىدىكەن. دېھقان بولسا قارشى قىرغاقتىكى پادىچىنىڭ كۈن بويى قوي بېقىپ يۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇياققا بېرىپ باققۇسى كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدە قارشى قىرغاققا بېرىپ يېڭى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارزۇسى شەكىللىنىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇلار تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قاپتۇ، ئىككىسى مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، سالاھىيىتىنى ئالماشتۇرۇپ، دېھقان پادىچى، پادىچى دېھقان بولماقچى بوپتۇ. دېھقان پادىچى بولغاندىن كېيىن پادىچىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئازراقمۇ ياخشى ئەمەسلىكىنى، قوي بېقىشنىڭ قارىماققا ناھايىتى ئازادە ئىشتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ناھايىتى زېرىكىشلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. تېخىمۇ مۇھىمى يەككە تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ تېخىمۇ مەنىسىزلىكىنى ھېس قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىچى بولغان دېھقان ھەر كۈنى قوي باققاندىن باشقا ۋاقىتلاردا، قارشى قىرغاقتىكى خۇشال - خۇرام ئىشلەۋاتقان دېھقانلارغا ھەۋەس بىلەن قارايدىغان بولۇپ قاپتۇ .

دېھقان بولغان پادىچىمۇ توپا-چاڭ تۇرمۇشقا بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئازابى دېھقانىنىڭكىدىنمۇ ئېغىر بوپتۇ. جىمجىت تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان پادىچى ھەر خىل مۇشكۇلاتلارغا، جاپالىق ئەمگەككە دۇچ كەلگەندىن كېيىن، پادىچى بولغان كۈنلىرىنى قاتتىق سېغىنىپ دېھقانغا ئوخشاش ھەر كۈنى قىرغاقتا ئولتۇرۇپ، قارشى قىرغاقتا قوي بېقىۋاتقان پادىچىلارغا ھەۋەس بىلەن قارايدىغان بولۇپ قاپتۇ .

شۇ ۋاقىتتا ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدە «قايتىپ كېتەي، يەنىلا بۇرۇنقى تۇرمۇشۇم ماڭا ئەڭ ماس كېلىدىكەن» دېگەن ئوي كېچىپتۇ.

دۇنيادا باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەۋەسلىنىپلا ئۆزىنىڭ ئىشىنى تاشلاپ قويىدىغان ئادەمدەك ھاماقەت ئادەم بولمىسا كېرەك. ھەۋەس قىلىش توغرا كەلسە ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا ھەۋەس قىلىشى كېرەك. مانا شۇندىلا سىز قىلىۋاتقان ئىشىڭىزدىن سۆيۈنىسىز، ھەممە سىزدەك ياشىسامكەن دەيدۇ. دۇنيانىڭ، ھاياتنىڭ بىزدىن كۈتىدىغىنىمۇ دەل شۇ. پەقەت ئۆزىگە ھەۋەس قىلىشنى بىلگەن ئادەملەرلا ھەۋەس قىلىشنىڭ چىن مەنىسىنى بىلىدىغان ئادەمدۇر، چۈنكى ھەقىقى بەخت ھەۋەس قىلىشتا ئەمەس، بەلكى بارنى قەدىرلەشتە.

(ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ھاياتلىق سىناق مەيدانىدۇر

◉ ئابدۇغوپۇر ئابدۇرېھىم

## تاللاش تىرىشىشتىن مۇھىم

بىر چاغلاردا قايسىدۇر ژۇرنالدىن مۇنداق بىر يۇمۇرلۇق ھېكايەتنى كۆرگەنىدىم: ئۈچەيلەن ئۈچ يىللىق ھەپسىگە بۇيرۇلۇپتۇ. گۇندىپاي ئۈچەيلەننىڭ بىردىن تەلىپىنى قاندۇرماقچى بولۇپتۇ. ئامېرىكىلىق سىگارتقا خۇمار بولغاچقا، ئۈچ ساندۇق سىگارت سوراپتۇ. فىرانسىيەلىك رومانتىك بولغاچقا، بىر ساھىپجامالنىڭ ھەمراھ بولۇشىنى سوراپتۇ. يەھۇدىي تىجارەتكە ھېرىس بولغاچقا، سىرت بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر يانفون سوراپتۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن ھەپسە دەرۋازىدىن تۇنجى بولۇپ ئېغىز -بۇرنىغا سىگارتنى كەپلىگەن، «چاقماق! ماڭا چاقماق بېرىڭلار!» دەپ توۋلىغان پېتى چىققىنى ئامېرىكىلىق بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە چاقماق سوراشنى ئۇنتۇغانىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن فىرانسىيەلىك بىر بالىسىنى كۆتۈرگەن، ئىككىنچى بالىسىغا ھامىلدار چىرايلىق ئايالنى يېتىلىگەن پېتى چىقىپتۇ. ئەڭ ئاخىرقىسى يەھۇدىي بولۇپ، ئۇ گۇندىپاينىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ: «ئۈچ يىلدىن بۇيان سىرت بىلەن بولغان ئالاقەم ئۈزۈلمىدى، تىجارىتىم توختىمايلا قالماستىن بەلكى پايدام ئىككى قاتلاندى، رەھمىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سىزگە رولىس روبىس ماركىلىق پىكاپتىن بىرنى سوغا قىلماقچىمەن» دەپتۇ.

بۇ ھېكايەت بىزگە تاللاشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەقىقەتەن، ھازىرقى تۇرمۇش ھالىتىمىز ئۇزاق يىللارنىڭ ئالدىدىكى تاللىشىمىز تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ، بۈگۈنكى تاللىشىمىز كەلگۈسىمىزدىكى تۇرمۇشىمىزنى قارارلاشتۇرىدۇ. شۇڭا توغرا قارارغا كېلىپ، توغرا تاللاشقا مۇيەسسەر بولۇشىمىز ئۈچۈن كۈندە ئىلمگە ياندىشىشىمىز، ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشىمىز، دۇنيانىڭ ئەڭ يېڭى تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن خەۋەردار بولۇشىمىز، ئەڭ مۇھىمى ھەرۋاقىت يۈرىكىمىزنىڭ تىۋىشىغا قۇلاق سېلىپ تۇرۇشىمىز لازىم. شۇنداقلا ئەتىگە يۈزلىنىشىمىز، ھەربىر ئۇرۇنىشىمىز، تىرىشچانلىقىمىز ئەتىكى سائادىتىمىز ئۈچۈن بولۇشى لازىم. دېمەك، ئەتىمىزنىڭ پارلاق ياكى زۇلمەتلىك بولۇشى پۇرستى كەلگەندىكى توغرا تاللىشىمىزغا باغلىقتۇر.

ھەربىرىمىزنىڭ ۋاقتىمىز، بايلىقىمىز، زېھنىمىز چەكلىك. شۇڭا زېھنىمىز ۋە تاقىتىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مەلۇم ساھەدىكى مەلۇم بىر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشىمىز، ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ ئىشنىڭ ھەربىر ھالقىسىغا ئىخلاس بىلەن پۈتۈن ئىشتىياقىمىزنى بېرىشىمىز لازىم، شۇندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە سۈپىتىگە ئالدى بىلەن ئەڭ توغرا ئىشنى، توغرا ئىشتىمۇ ئەڭ مۇھىمىنى، ئۆزىمىزگە ئەڭ لايىق كېلىدىغىنىنى تاللاپ، ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدا، ئەڭ مۇۋاپىق پەيتنى تاللاپ قىلىش ئارقىلىق ئۇنۇمگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

دەرۋەقە ھەممىنى ئۆز ئالدىمىزغا تاللاشقا ئىمكانىيەت يار بەرمەيدۇ. مەسىلەن، ئاتا - ئانىمىزنىڭ كىم بولۇشىنى، جىنسىمىزنى، نەدە تۇغۇلۇشىمىزنى تاللاشقا قادىر بولالمايمىز. بۇلار ياراتقۇچىنىڭ تەقدىرى بولۇپ، بۇ تەقدىرنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىشىمىز كېرەككى، ئۆزگەرتىشكە زەررىچە چامىمىز يەتمەيدۇ. بالىلىقتىكى يېتىلىش مۇھىتىمىزنى ئۆزىمىز تاللىيالمايمىز، شۇڭا ئاتا - ئانىمىزنىڭ پەرۋىشى ۋە ھېمايىسىگە تايىنىمىز. بىزنىڭ دەسلەپكى ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانىدىكى ھالقىلىق قارارلار ھامىلىرىمىز، جۈملىدىن ئاتا - ئانىمىز تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان بولغاچقا، سۇبيېكتىپ خاھىشىمىز شۇلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۇلار ئاشۇ ھالقىلىق قارارلارنى توغرا چىقارغان ياخشى، ئەگەر خاتا تاللانغان بولسا، ھاياتىمىز خاراپ بولىدۇ. شۇڭا، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب «بالىنىڭ ئاتىدا ئۈچ ھەققى بار: بىرى ياخشى ئانا تاللاش، يەنە بىرى ياخشى ئىسىم قويۇش، ئاخىرقىسى ياخشى تەربىيەلەش» دېگەن بولسا كېرەك.

مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بۇ جەمئىيەتتە توغرا تاللاشقا ئېرىشمەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس. شۇڭا، توغرا - خاتا، ياخشى - يامان يول ۋە شەيئىلەرنى ئىلغاش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى يېتىلدۈرۈشكە، بۇنىڭ ئۈچۈن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، مۇكەممەل بىلىم ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئىلىم ئۆگىنىپ، بەلگىلىك سەۋىيە ھاسىل قىلغاندىن كېيىنمۇ ھەر بىر قارارنى، بولۇپمۇ قىممەت قاراشقا مۇناسىۋەتلىك قارارنى يۈرىكىمىزنى تۇتۇپ، ئەتراپلىق دەڭسەپ چىقىرىشىمىز، بولۇپمۇ كەسىپ ۋە جۈرە تاللىغاندا ۋاقىتلىق قىزغىنلىقنىڭ كەينىگە كىرىپ، ھېسسىيات بىلەن ئىش قىلماسلىقىمىز لازىم. ئىنساننىڭ خۇسۇسىي ھاياتىدا قىممەت قاراشنى خاتا تاللاشقا ياندىشىدىغان ئۈچ بەختسىزلىك بار، ھېچقانداق بەختسىزلىك بۇ ئۈچىگە يەتمەيدۇ. ئۇلار مەنپەئەتسىز بىلىمنى ئۆگىنىش، ئىشتىياقى يوق خىزمەتنى قىلىش، قىممەت قارىشى ئوخشىمايدىغان جورىغا ھەمراھ بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ناۋادا بۇ ئۈچ ئىشتىكى تاللىشىمىز خاتا بولسا، پۈتۈن ھاياتىمىز خارابلىققا يۈزلىنىدۇ، قانچە تىرىشساقمۇ نەتىجىسى نۆل بولىدۇ، خالاس.

## ھاياتتا قارار ھەممىدىن مۇھىم

ھايات مەشىق مەيدانى بولماستىن، بەلكى قارار چىقىرىش، تاللاش مەيدانىدۇر. دۇنيا ھاياتى بىر قېتىملىقتۇر. ھاياتتا پۇرسەتلەر كۆپ بولىدۇ. ئەمما توغرا تاللاش پۇرسەتلىرى ساناقلىق بولىدۇ. ھاياتنىڭ ئاچالىرىدا بىزگە مۇناسىپ



كېلىدىغىنى توغرا قارارغا كېلىپ، بىر يولنى تاللاشتۇر. بۇ يولنى تاللىغىنىمىز باشقا يوللاردىن ۋاز كەچكەنلىكىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

بىزنىڭ بۈگۈنكى قارارىمىز قانداق بولسا ئەتە ۋە كەلگۈسىدىكى ھاياتىمىز شۇنداق بولىدۇ. بۈگۈنكى ھالىتىمىز ئېھتىمال نەچچە يىللار ئىلگىرىكى قارارىمىزنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، ھاياتتا قارار ھەممىدىن مۇھىمدۇر.

ھەر بىر پائالىيىتىمىزدە، بولۇپمۇ مۇھىم پەيت ۋە قەدەملەردە تاللاشتىن خالىي بولالمايمىز. بەزىلىرىمىز ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن قارار چىقىرىپ خاتالىشىمىز، بەزىلىرىمىز ئارىسالدىلىقنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز. ھاياتتىكى ھالقىلىق بىر قەدەمنى خاتا باسساق، پۈتۈن ئۆمرىمىزنى نابۇت قىلىۋېتىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا، ھەربىر قەدەمنى ئېلىشتا ئەتراپلىق ئويلىنىپ، ئىدراكى قارار چىقىرىشىمىز كېرەك. شۇندىلا بەلكىم تەقدىرىمىزدە تۈپتىن ئۆزگىرىش كۆرۈلۈپ، مەنۋى نىجاتلىقتا ئېرىشىشىمىز مۇمكىن.

بەزىلەرنىڭ پۈتۈن ئۆمرى تىنىمسىز تىرمىشىش ۋە جاپا چېكىش بىلەن ئۆتىدۇ. ئەمما ياشاش ئىخلاسى ۋە نىشانى بولسىمۇ، ئەمما مۇناسىپ قارارى ۋە تاللىشى توغرا بولمىغاچقا، بۇ خىل كىشىلەرگە مەنىۋى ھۇزۇر تۇيغۇ ئەقەللىي رەۋىشتىكى ھايات بەھرىمەنلىكىمۇ نېسىپ بولمايدۇ. بۇ ھەقتە نەزىرىمىزنى مۇنۇ مەسىلىگە ئاغدۇرايلى: ئىككى چۈمۈلە 20 مېتىر كەڭلىكتىكى، 100 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر تامدىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ ئۆزلىرىگە زۆرۈر ئوزۇقلۇققا ئېرىشمەكچى بوپتۇ. ئۇلاردىن بىرى تام تۈۋىگە كېلىپ قىلچە ئىككىلەنمەستىن تامغا يامىشىپتۇ. ئەمما ھەر قېتىم پۈتۈن جەھلى بىلەن تامنىڭ يېرىمىغا چىققاندا ھالسىراپ موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بەل قويۇۋەتمەسلا مەقسىتىگە يېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە، كاجلىق قىلىپ يامىشىش ۋە مولاقلاشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. يەنە بىر چۈمۈلە بولسا تامدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئوزۇقلۇقنىڭ پەيزىنى سۈرۈپتۇ. بۇ مەسىلىدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا تەۋرەنمەس ئىرادىلا ئەمەس، توغرا يۆنىلىشنىڭ تېخىمۇ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. دېمەك، ھاياتلىقتا ئۆزىگە مۇناسىپ نىشانىنى تاللاپ، توغرا قارارغا كېلىش بەك مۇھىمدۇر.

ئەلۋەتتە، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزى قارارلارنى خاتا چىقىرىپ قويۇشىمىز تەبىئىي. ئەقىل - ئىدراكىمىز ۋە ئاڭ - سەۋىيەمىزنىڭ بالاغەت تېپىشى ياكى بىزگە كۆيۈنگۈچىلەرنىڭ سەگىتىشى بىلەن ئاشۇ خاتا قارارلىرىمىزنى بايقاپ يەتكەن بولساق، تەخىر قىلماستىن تۈزىتىشىمىز لازىم. پەرۋاسىزلىق قىلىپ، غاپىللىقتا قېلىۋەرسەك ياكى تەرسالىق قىلساق، نادانلىقنى ھەسسىلەپ ئاۋۇتۇپ، ھاياتىمىزنى گۇمران قىلىمىز.

بەزى ھاللاردا، بولۇپمۇ ئىككى ئىش تەڭ توغرىلىنىپ كەلگەندە قارار چىقىرىشتا قىينىلىمىز. ھەر ئىشنىڭ مۇناسىپ پىرىنسىپلىرى بولغىنىدەك، قارار چىقىرىشتەك مۇھىم ئىشنىڭ پىروگرامما خاراكتېرلىك پىرىنسىپلىرى بار، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، ئىككى مەنپەئەتلىك ئىش تەڭ توغرىلانسا قىممەت قاراشقا مۇناسىۋەتلىكنى ئالدىغا، تىرىكچىلىككە مۇناسىۋەتلىكنى كېيىنگە؛ مۇھىمنى، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە، كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىكنى ئالدىغا قويۇپ، ئانچە مۇھىم بولمىغىنىنى، خۇسۇسىي مەنپەئەتكە، كۆز ئالدىمىزدىكى قىسمەن مەنپەئەتكە مۇناسىۋەتلىكنى كېيىنگە تەخىر قىلىمىز. ئىككى زىيان تەڭ توغرىلىنىپ كەلسە، چوڭ زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىچىك زىيانغا، ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن خۇسۇسىي زىيانغا، كەلگۈسى زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆز ئالدىمىزدىكى قىسمەن زىيانغا، مۇتلەق زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن نىسپىي زىيانغا سەۋر قىلىمىز. قارار چىقىرىشتا مانا مۇشۇ تەرتىپكە رىئايە قىلساق خاتالاشمايمىز.

ئەمەلىيەتتە تاللاشقا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق قارارلاردا ئېرىشىش ۋە مەھرۇملۇقتىن مۇستەسنا بولالمايمىز. بۇنىڭدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە، بىزگە مۇيەسسەرلىك بىلەن مەھرۇملۇقتىن قايسىسىنىڭ مۇھىم ۋە مەنپەئەتلىك بولغانلىقىدا. خۇلاسە شۇكى، ھاياتلىققا مۇناسىۋەتلىك قارارىمىزنىڭ قانداق بولۇشى ماڭغان يولىمىزنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاقىۋىتىنى؛ ماڭغان يولىمىزنىڭ قانداق بولۇشى ھاياتتىن ئېرىشىدىغان نېسىۋىمىزنىڭ ياخشى ياكى يامان سۈپەتلىك، سائادەتلىك ياكى ھالاكەتلىك بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. دېمەك، ھاياتتا قارار ھەممىدىن مۇھىم.

## ھاياتلىق سىناق مەيدانىدۇر

ھاياتلىق — سىناق مەيدانىدۇر. يەر يۈزىدىكى بارلىق شەيئىلەر شۇ سىناقنىڭ سوئاللىرىدۇر. ئىنسان دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپ سىناقنىڭ سىگنالى چېلىنىدۇ. نېمەتسىز ھايات، سىناقسىز نېمەت بولمايدۇ. ئىنسان ھاياتلىق سەپىرىدە تەقدىرنىڭ ساناقسىز سىناقلىرىغا ئۇچرايدۇ. ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى ھەر بىر سۆزى، ھەر بىر ھەرىكىتى، ھەتتاكى ھەر بىر تىنىقى شۇ سىناقلارغا بەرگەن جاۋابىدۇر. ئىنساننىڭ ئىستىقبالى سىناققا بەرگەن جاۋابىغا يارىشا بولىدۇ. شۇڭا ھاياتلىق سەپىرىدىكى سىناقلارغا قانداق يۈزلىنىشكە ھازىرلىنىش ئىنسان بالىسى ئەقىل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تېپىپ مەنىۋى، ئىجتىمائىي ھاياتتا قەدەم ئېلىشتىن ئىلگىرى جىددىي ئويلىنىدىغان ئىنچىكە مەسىلىدۇر. سىناق ھەر بىر شەخس ۋە قوۋمگە ئاتا قىلىنغان نېمەتكە قارىتا بولىدۇ، ئۇ بەزى شەخس ۋە قوۋملەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن بولسا، بەزى شەخس ۋە قوۋملەرنى تاۋلاش، چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن بولىدۇ. سىناق خۇشلۇق ۋە مۇسىبەتلىك بىلەن، ئاسانلىق ۋە تەسلىك بىلەن، نۇسرەت ۋە مەغلۇبىيەت بىلەن بولىدۇ. بىر تۈركۈم ئىنسانلار شۇ سىناقلاردىن ئۆزىگە لايىق مەرىپەت، ئىبرەت ۋە مەنىۋى ئوزۇققا ئېرىشىدۇ. بىر تۈركۈم ئىنسانلار ئاتا قىلىنغان نېمەت، مەرھەمەتلەرنىڭ قەدرىگە يېتىش، ئاگاھلاندۇرۇش سۈپىتىدىكى سىناقلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، توغرىلىقتا يۈزلىنىش تۆگۆل تەرسالىق، سەركەشلىك قىلىپ، ئازغانلارنىڭ يولىدا بولىدۇ. ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلارغا، يېتىم - يېسىر، پېقىر - مىسكىنلەرگە، كۈلپەت ۋە قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا پۇل - مال ياردەم بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش قاتارلىق ئەزگۈ ئەمەللەر مەرىپەتنى مەركەز قىلغان ئىنسانىي سۈپەتنى ساقلاش ۋە نۇرلاندۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك سىناقلار بولۇش بىلەن بىرگە ھاياتلىق سەپىرىدىكى ئومۇمىي ۋە خاس سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشكە زۆرۈر مەنىۋى ئېنېرگىيەلەر ھاسىل بولىدىغان نەقلىي مەنبەلىك مىزانلاردۇر.

سىناق ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەر قاتلام، ھەر تەرەپلىرىدە تۈرلۈك شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلىقتا ئۆگىنىش نەتىجىسى ۋە پەزىلەت يېتىلدۈرۈشتە، جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن خىزمەت نەتىجىسىدە، تۇرمۇشلۇق بولغاندا سەممىيەتتە، بالا-چاقىلىق بولغاندىن كېيىن ئائىلىۋى مەسئۇلىيەتتە سىنىلىمىز. ھاياتلىق تاماملانمىغىچە ھېچكىم ئۆزىنىڭ قانداق سىناقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. ئەل - ئاغىنىلىرىمىز سودىدا زىيان تارتىپ، قاقسەنەم بولۇپ، قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن قەرز سورىشى سىناق ئەمەسمۇ؟ ھېچكىم كۆرمىگەن، توككۆزمۇ بولمىغان ئەھۋالدا قىممەت باھالىق بىرەر نەرسىنىڭ ئۇچراپ قېلىشى سىناق ئەمەسمۇ؟ ئادەملەر ۋە ئىشلارغا گۇۋاھلىق بېرىشكە توغرا كەلگەندە، ئۆزىڭىزنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يېتىدىغان شارائىتتىمۇ راستچىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىش - بەرمەسلىكىڭىز سىناق ئەمەسمۇ؟ دېمەك، ئېتىقادىمىز ۋە نەپسىمىزگە باغلانغان ھالدا كۈندىلىك ھاياتىمىزدىكى ھەر بىر ئۇرۇنۇشىمىز، ھەر بىر ھەرىكىتىمىز بىر قېتىملىق سىناقتۇر.

بىر كۈنى بىر قانچەيلەن بىر دوستۇمغا پىكاپ سېتىۋېلىش ئۈچۈن پىكاپ بازىرىغا باردۇق. دوستۇم بىر نىمكەش پىكاپنى ياقتۇرۇپ، سودا خادىمىنىڭ باھا قويۇشى بىلەن 100 مىڭ يۈەنگە ئالماقچى بولدى. ھايال ئۆتمەيلا پىكاپنىڭ ئىگىسى كەلدى. ئۇ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، سالاپەتلىك يىگىت بولۇپ، ئەدەپ بىلەن سالام قىلغاندىن كېيىن، «ماشىنامنى ئىنچىكە كۆردۈڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى. بىز «ھەئە» دېۋىدۇق، ئۇ «بۇ ماشىنا ھادىسىگە ئۇچرىغان» دېدى. بىز ھەيران قالدۇق. بىر قانچىمىز شۇنچە قاراپمۇ بىلەلمىگەنتۇق. ئۇ يەنە ماشىنىنىڭ بىز بايقالمىغان بىر قانچە چاتىقىنىمۇ دەپ بەردى. ئاغىنىمىز بۇ يىگىتنىڭ سەمىمىيلىكىدىن تەسىرلەندى بولغاي، بۇ ماشىنىنى ئالغىنىم ئالغان دەپ 95 مىڭ يۈەنگە پۈتۈشتى. رەسمىيە بېجىرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يىگىتكە «ماشىنىڭىزنىڭ چاتاقلىرىنى ئاشكارىلاپ، قاراپ تۇرۇپ 5000 يۈەن زىيان تارتتىڭىزغۇ؟» دېۋىدىم، ئۇ «مەن بۇ ماشىنىنى سېتىپ، پۇلغا ئائىلەمنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېھتىياجىنى قامداشنى نىيەت قىلغانمەن. شۇڭا تۇتقان يولۇم دۇرۇس بولمىقى كېرەك» دېدى. مەن شۇئان ئۇنىڭغا قولۇمنى سۇنۇپ، قايتىدىن سالاملىشىپ «بارىكاللا!» دېدىم. شۈبھىسىزكى، ئۇ لاياقەتلىك ياخشىلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشىپ قالدۇق. ھازىرغىچە ياخشى ئۈلپەتچىلىك قىلىۋاتىمىز.

سىناق تەسلىك بىلەنلا ئەمەس، ئاسانلىق بىلەنمۇ بولىدۇ. كېسەللىك، مۇشكۈلات، سورۇقچىلىق قاتارلىقلار كۈلپەتلىك سىناقلار بولسا، ئىشلىرىمىزنىڭ راۋان، نەتىجىلىك بولۇشىمۇ بىر تۈرلۈك سىناقتۇر. بەزىلەر ئىشلىرىڭىز ئوڭ چاغدا ئىناۋىتىڭىزگە، پۇل - مېلىڭىزغا دوست، سىناق يۈزىسىدىن كۈلپەتكە ئۇچرىسىڭىز بۇنداقلارنىڭ ئۆزى تۇرماق، سايىسىمۇ يوق. «دوستنىڭ دوستلۇقى باشقا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر» دېگەندەك تەسلىكلەرگە يولۇقمىسىڭىز، ئەڭ ئەقەللىيسى ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنىڭ سەمىمىيىتىنى قانداق بىلىسىز؟ ئاسايىشلىقمۇ بىر تۈرلۈك سىناق. قەدىمكىلەر «توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىدۇ» دېگەندەك، ئادەم پاراغەتلىك ياشىسا، ھاۋايى - ھەۋىسى قوزغىلىپ، ئاسانلا شەھۋانىيلىققا ئەسىر بولىدۇ. ھەممىمىزگە ئايان بولغاندەك داڭدار ئۇرۇش قەھرىمانلىرىدىن تىنچ زاماندا كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەتنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، جىنايەت يولىغا كىرىپ كەتكەنلەر ئاز ئەمەس. دېمەك، ھەرقاچان ھوشيار بولمىسا مۇشەققەتنىڭ سىنىقىغا قارىغاندا ئاسايىشلىقنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىش تەستۇر.

سىناقسىز ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى بولمايدۇ. سىناق دېمەك — پۇرسەت دېمەكتۇر. سىناقلاردىن داجىغانلىق ھاياتتىكى پۇرسەتلەردىن ۋاز كەچكەنلىكتۇر. «ئالتۇن ئوتتا تاۋلىنىدۇ، ئادەم سىناقتا» دېگەندەك، ھايات مۇساپىمىزدىكى تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە ئەگرى - توقايلىقلارغا ياندىشىپ كەلگەن ساناقسىز سىناقلار بولغاچقىلا كۆپلەپ تاۋلىنىش، تاللاش پۇرسىتىگە نائىل بولۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئۆزىمىزگە ئېرىشەلەيمىز. شۇڭا ھايات مۇساپىمىزدىكى سىناقلاردىن داجىماسلىقىمىز، دادىلماسلىقىمىز، بەلكى ھەرقاچان قوبۇل قىلىشتەك ھازىرلىقتا بولۇشىمىز، ھەتتا تەشەككۇر بىلدۈرۈشىمىز لازىم.

ھاياتلىق — ھەر مىنۇت، ھەتتا ھەر دەقىقىدە جاۋاب بېرىشىمىزنى كۈتۈدىغان سىناق مەيدانىدۇر. ئەتراپىمىزدا ئىمدەيەمىز ۋە قىممەت قارىشىمىزنى ئۆز تىزگىنىگە ئېلىشنىڭ كويىدىكى نۇرغۇن ئادەملەر بار. شۇڭا سەگەك بولۇڭ ۋە ھاياتنىڭ سىناقلىرىدا ساختىلىقتىن يىراق بولۇپ، يارقىن ياشاڭ.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
1. «ھېكمەتلىك نەسىھەتلەر»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى 2012 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

(ئاپتور: بىڭتۇەن قومۇل13 -دېۋىزىيە ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدا)

مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئېلخەت: qashtash@126.com

# ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش



◉ ۋاڭ مېڭ

ئۇيغۇرچە ئاڭلاش، سۆزلەشنى ياخشى كۆرىمەن. ھەممە ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا ئىنتايىن بىمالال ھالىمۇڭ بولۇۋاتقان، قۇتلۇقلىشىۋاتقان ھالىتىدىن مەستخۇش بولىمەن. شۇنىمۇ يوشۇرمايمەنكى، ئۇيغۇرچە سۆزلىشىش پۇرسەتلىرىنى زادىلا قولدىن بەرمەي كەلدىم. ئۇيغۇرچە سۆزلەسەملا روھىم كۆتۈرۈلۈپ، شادلىنىپ، شاشلىشىپ كېتىمەن.

شىنجاڭدىن ئايرىلغىنىمغا 20 يىل بولدى، بۇ جەرياندا دائىم ئۇيغۇر دوستلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇردۇم، چەت ئەللەردىمۇ ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىلەن ئۇچراشتىم، ئىستانبۇلدا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر باركەن. ئاتاقلىق ناخشىچى دىلبەر يۇنۇسمۇ فىنلاندىيەدە ئولتۇراقلىشىپتۇ. شۋېتسىيەگە چىققاندا ئۇنىڭ ئۆيىدىمۇ ئىككى كۈن تۇردۇم. گېرمانىيەدە دىلبەرنىڭ شۇ يەردىكى ناخشا كېچىلىكىگە ئۇلگۇردۇم. سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنلىرىدا ئۇيغۇر ھەيئەتلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئەھۋاللىشىپ تۇردۇم. قىسقىسى ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىلەن بولغان ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالمىدى ...

بىز دائىم «چۈشىنىش ياشىسۇن!» دەيمىز. ئۇنداقتا تېخىمۇ كۆپ مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنەيلى، چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنەيلى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تېخىمۇ كۆپ تىل بىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. مېنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش جەريانىم تەجرىبە توپلىغان، خۇشاللىققا تولغان جەريان بولدى.

مەسىلەن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدا بولدۇم. يەنە كېلىپ «سول» چىلىق ئەۋجىگە چىققان مەزگىلدە خاتا ھالدا باشقا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەچكە، يېزىقچىلىق قىلىشىم، بىرەر ئورۇندا خىزمەت قىلىشىم، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە نورمال قاتنىشىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى ... ئەلۋەتتە ھېچقانداق رولۇممۇ يوق ئىدى، ھەتتا ئوچۇق - ئاشكارە ئۆگىنىشتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پۈتۈن زېھنىمنى يېزا كادىر - ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشكە قاراتتىم. ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك؟ ئۇيغۇرچە نەشرىنى ئۆگىنىشتىن باشلاش كېرەك. شۇنداق قىلىپ ماۋ جۇشىنىڭ «ئۈچ دەستۇرى» ۋە زور بىر تۈركۈم ئۈزۈندىلىرىنى ئۇيغۇرچە يادلاپ چىقتىم. بىر قېتىم «يولداش بېتيۈندىن ئۆگىنەيلى» نى ئۇيغۇرچە دېكلاماتسىيە قىلسام، مەن تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئايال خوجايىنى رادىيودا ئاڭلىتىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ھەيران قالغانىدى. بۇ مېنىڭ دەل، توغرا تەلەپپۇز قىلغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچلۈك تاۋۇشلىرى، ئويناق ئىنتوناتسىيەسى، ئۆزگىچە ئىپادىلەش تەرتىپلىرىدىن زوقلىناتتىم ... شۇڭا، بىكار بولساملا رادىيونى ئېچىپ، ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشلارنى ئاڭلايتتىم. دەسلەپتە بىرەر سۆزنى بىلمىسەممۇ ئاڭلايتتىم، خۇددى مۇزىكا ئاڭلىغاندەك مەستخۇش بولاتتىم. ئىككى دېھقان بالىسى سۆزلەشسىمۇ، يېنىدا قۇلاق موللىسى بولاتتىم... قىسقىسى ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولدۇم.

1956 - يىلى چېكىدىن ئېشىپ، نەپەس سىقىلغىدەك «سول» كېلىماتتا، غۇلجىنىڭ بوياندىكى گوڭشىسىغا كەلدىم. تىل بىلمەسلىك، يەككە - يېگانىلىقتا ماڭا ھەمراھ بولغىنى يۈك - تاقام ۋە پىشايۋاندا يېگىدىن چاڭگا سالغان بىر جۈپ قارلىغاچ بولدى. ۋەھالەنكى ئۇيغۇر قېرىنداشلار مېنى خۇددى ئۆز پەرزەنتىنى كۈتۈۋالغاندەك قىزغىن كۈتۈۋالدى. ھەر كۈنى ئاپاش تەييارلىغان ئەتكەنچاينى ئىچىپ، كەتمەننى ئېلىپ ئېتىزدا ئەمگەك قىلدىم ھەم قېرى - ياش ھەممىسىدىن ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشنى باشلىدىم، ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئارىسىدا خۇددى سۇدىكى بېلىقتەك يايراشقا باشلىدىم. بۇ يەردىن ئايرىلغاندا ھەرقانداق بىر ئۆيگە خۇددى ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە كىرگەندىكىدەك بىمالال كىرەلەيدىغان بولدۇم.

ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش تولىمۇ قىيىن. چەكسىز سۆزلۈك، تىل ئالدى تاۋۇش، تىل ئارقا تاۋۇش، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى خەنزۇ تىلىدا يوق. گرامماتىكىسى تېخىمۇ مۇرەككەپ، ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىشى، پېئىللارنىڭ ھال، زامانلىرى ... شۇن-

www.uyghurkitap.com

داقتىمۇ ئۇيغۇر تىلى مېنى ئۆزىگە شۇقەدەر مەھلىيا قىلدى. چۈنكى ئۇ تۇرپاننىڭ ئۈزۈم ۋە قوغۇن - تاۋۇزى، ئىلى ۋە قاراشەھەرنىڭ ئارغىمىقى، يېڭىسارنىڭ پىچىقى، قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسى ۋە ئاپپاق خوجا مازىرى، خوتەننىڭ گىلەم ۋە قاشتېشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىدى ...

ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئايال خوجايىنى زىۋىدىخاننىڭ ئانا تىلىدا سۆزلەشلىرىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل تىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. بولۇپمۇ سۆزلەش، ئاڭلاش، ئوقۇشتا زىۋىدىخاننى ئۇستاز تۇتتۇم دېسەم بولىدۇ.

ئەينى چاغدا مەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل تىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ھەممىدىن ئۇيغۇر تىلىنى ئاڭلاش، سۆزلەش، يېزىش ماڭا ئاجايىپ قىزىقارلىق تۇيۇلۇشقا باشلىدى. مەن يەرلىكلەرنىڭ سۆزلىشىگە دىققەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئۆزۈمنىڭ تاۋۇش چىقىرىش، سۆز ياساش، جۈملە تۈزۈش جەھەتتىكى پەرقىنى بايقىۋالدىم.

ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇيغۇرچە ئىپادىلەش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردىم. كېچىدە ئىشىككە چىققاندا كارىۋاتنى سىيلاشتۇرۇغاچ «كارىۋات»، تامنى سىلاشتۇرغاچ «تام»، ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە «ئىشىك»، شامال چىققاندا «شامال» دېسەم، قايتىپ كىرىپ سۇپىغا چىقىۋالغاندىن كېيىن «ئۇخلاي! ئۇخلاي!» دەيتتىم ... كېيىنچە ئەرەب رەقەملىرىنى كۆرسەم دەرھاللا ئۇيغۇرچە ئوقۇيالايدىغان بولدۇم. بۇنداق چاغلاردا خەنزۇ يولداشتىن بىرەرسى كېلىپ قېلىپ: «بۇ نەچچە؟» دەپ سورىسا دەماللىققا خەنزۇچە جاۋاب بېرەلمەي قالغان ۋاقىتلارمۇ بولدى.

مۇھەممەد ئەھمەد مەن ئوقۇغان ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئاساسلىق تەمىنلىگۈچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ مېنىڭ يېزىق جەھەتتە يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمغا ياردەم بېرىش بىلەن بىللە كىتابلارنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە مەن بىلەن قىزغىن مۇنازىرىلىشەتتى. مېنىڭچە «ئايبېك»نىڭ ناۋايى ئەسىرى ياخشى يېزىلغان بولسىمۇ، تىل جەھەتتىن ئۇ يازغان «مۇقەددەس قان»غا يەتمەيتتى. مۇھەممەد ئەھمەدنىڭ ناۋايىغا بولغان چوقۇنۇشى، كىتابقا بولغان سۆيۈنۈشى، كىتابتىكى شەخسلەرگە بولغان مۇھەببىتى، كىتابنىڭ تەقدىرىگە بولغان دىققەت - ئېتىبارى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ناۋايىنىڭ نۇرغۇن مىسرالىرى بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ھەسرەت ناخشىنىڭ روھى» دېگەن مەشھۇر سۆزى مېنى ھەيرانۇ - ھەس قالدۇردى ...

ئۇنىڭدىن مەن يەنە گوركىينىڭ «كىشىلەر ئىشكىدە»، ئوستروۋسكىينىڭ «بوران باللىرى»، يەنە بىر قىرغىز يازغۇچىسىنىڭ «دەۋرىمىز كىشىلىرى» دېگەن ئەسەرلىرىنى ئارىيەتكە ئېلىپ ئوقۇدۇم. بۇ كىتابلار تولىمۇ ئاجايىپ يېزىلغانىدى. بولۇپمۇ تاجىك يازغۇچىسى ئەينىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» ئەسىرىدە بۇخارادىكى مەدرىس تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، تولىمۇ قالتىس ئەسەر ئىدى. يەنە بىر قازاق يازغۇچىسىنىڭ «بوتا كۆز» دېگەن ئەسىرىمۇ كىشىنى ھاياجانغا سالاتتى. شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد ئەھمەد ماڭا ئۇيغۇر ھەتتا پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىلى، مەدەنىيىتىنىڭ مىسلىسىز گۈزەل رۇخسارىنى تونۇشتۇردى، ماڭا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ گۈزەل، شېئىرىي تۈسكە، ئىپادىلەش كۈچىگە ئەڭ باي تەرەپلىرىنى ئۆگەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەبەدىي تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەم بولۇپ ھاراق ئىچىشلىرى ھامان كۈلكە - چاقچاق، نەغمە - ناۋا بىلەن بىرلەشكەن. ئۇلار ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىزدىن قوش بىسلىق قىزىق پاراڭلارنى قىلىشقا تولىمۇ ئامراق ھەم ماھىر... بۇنداق سورۇنلار مېنىڭ زور ئىشتىياقىمنى قوزغايتتى. چۈنكى بۇنداق سورۇنلاردىكى پاراڭلار تولىمۇ كۈلكىلىك بولۇپ، كەيپىيات قىزغىن، تەپەككۇر جەھەتتە فولكلور ۋە مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى بۇ مېنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشىمنىڭ ياخشى پۇرسىتى بولغاچقا، بۇنداق سورۇنغا قاتنىشىش ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئۇيغۇر تىلى فاكۇلتېتى پروفېسسورىنىڭ ئۈچ سائەتلىك دەرسىنى ئاڭلىغاندىن كۆپ ھاسىلاتقا ئېرىشەلەيدىغىنىمغا ئىشىنەتتىم.

كېيىنچە بەزىلەر مەندىن ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشتىكى تەجرىبەمنى سورىغاندا، مەن چاقچاق ئارىلاش: «ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، بىر - ئىككى ۋاخ ئاق ھاراق ئىچىش كېرەك»، دەپمۇ قويدۇم.

كىتاب ئوقۇشنىڭ ئۆزى ئۆگىنىش. ئۆگىنىش ماتېرىيالى مەن ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ئىدى. دەسلەپتە مەن ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك (ئۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تېخى قۇرۇلمىغانىدى) بۇيۇرۇ كادىرلار مەكتىپىنىڭ دەرسلىكىگە تاياندىم. ئەشۇ دەرسلىكتىن ھەرپ، تاۋۇش، يېزىش ۋە بىر قىسىم سۆزلۈك، جۈملە، دىيالوگلارنى ئۆگەندىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «جۇڭگو تىلى» ژۇرنىلىنىڭ 20 - ئەسىر 60 - يىللىرىدىكى بىر سانى بولۇپ، بۇ سان ژۇرنالدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ تەتقىقاتچىسى جۇ جىنىڭنىڭ «ئۇيغۇر تىلىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى باردى. بۇ ماقالىنى قانچە رەت ئوقۇغىنىمنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ بىر ياقتىن ئوقۇپ، بىر ياقتىن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ دېگەندەك تەكرارلىدىم. بەزىدە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ بەزىبىر ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئاڭلاپ ئاڭقىرالمىغان چاغلىرىمدا، ھېلىقى ماقالىنى ۋاراقلىغاندىن كېيىن «ئەسلى مۇن-

دەك ئىكەندە!» دەپ ھەيران بولدۇم. قانچىلىغان گىراماتىكا قائىدىلىرى، قانچىلىغان ئۆزگىرىش قائىدىلىرى، قانچىلىغان تاۋۇش چىقىرىش قائىدىلىرى، قانچىلىغان سۆز ياساش قائىدىلىرى ... بۇلارنىڭ ھەممىسىنى جۇ پىروفېسسورنىڭ ماقالىسىدىن ئۆگەندىم. جۇ پىروفېسسور ھازىرغىچە كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ئۇستازلىرىمنىڭ بىرى. ئەينى چاغدا لىن بياۋ ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشتە «جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىش، زۆرۈرلىرىنى ئالدىن ئۆگىنىش، سوئال قويۇپ تۇرۇپ ئۆگىنىش، تېز ئۈنۈمىنى كۆرۈش» قاتارلىقلارنى تەرغىب قىلغانىدى. راستىنى ئېيتسام، ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى ئەمەس، جۇ پىروفېسسورنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇشۇ ئۇسۇلدا ئۆگەندىم. ئۇنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئۆمۈر بويى ئىشلىتىپ تۈگىتەلمەيمەن.

ئۆگىنىشنىڭ بىردىنبىر ياخشى ئۇسۇلى كىتاب بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش. مەن دائىم دېگۈدەك «ئىنسانىيەت تىلنى قانداق ئۆگەنگەن بولغىيتتى؟» دەپ ئويلىناتتىم. بىر بوۋاق ھېچقانداق تىلنى بىلمەيدۇ. ئۇ ئاڭلاشقا تايىنىدۇ، يۈز، مىڭ، ئون مىڭ قېتىملاپ ئاڭلىغاندىن كېيىن دورايدۇ، دوراشنى باشلىغاندا دائىم خاتالىق كۆرۈلىدۇ، يەنە مىڭ، ئون مىڭ قېتىملاپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن سۆزلەشنى ئۆگىنىدۇ. دېمەك، تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن بىرىنچىدىن، كۆپ ئاڭلاش؛ ئىككىنچىدىن، خاتا سۆزلەپ قويۇشتىن قورقماسلىق؛ ئۈچىنچىدىن، تەكرارلاش قايتا ـ قايتا تەكرارلاش؛ تۆتىنچىدىن سۆزلىشىش لازىم. تىل ئىقتىدارى سۆزلىشىشتىن، تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. مۇئەييەن تىل مۇئەييەن تۇرمۇش بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، مۇئەييەن تىل ئوخشاشمىغان ئادەملەرنىڭ ئوخشاشمىغان مىمىكىسى، قىياپىتى بىلەن باغلانغان بولىدۇ. تىلنى تۇرمۇش ۋە ئادەملەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەنگەندە ئىنتايىن جانلىق، ئوبرازلىق، رەڭگارەڭ رەۋىشتە ئۆگەنگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «مانا» سۆزى خەنزۇچىغا «这里» دەپمۇ، «给你» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى پەرقنى چۈشەنمەك تولىمۇ قىيىن. تۇرمۇشتا بىر قوللانساقلا چۈشىنىشلىك بولىدۇ. كوپىراتىپقا بېرىپ بىر نەرسە سېتىۋالغاندا، مال ساتقۇچىغا «مانا» دەپ پۇلنى ئۇزاتسىز. بۇ يەردە «您瞧，钱在这儿呢，给你吧。» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. پىركازچىك سىزگە پۇل قايتۇرغاندىمۇ «مانا» دېسە بولىۋېرىدۇ. ئاممىۋى سورۇندا بىرسىنى ئىزدىمەكچى بولغىنىڭىزدا ئەتراپتىكىلەرمۇ سىزگە ئىزدىشىپ ئۇنى تاپقاندا، «مانا» دەيدۇ. بۇ يەردە «在这里» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بىرقانچەيلەن مەلۇم مەسىلە ھەققىدە مۇنازىرىلەشكەندە، ھەممە ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىدۇ، بۇ چاغدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بىرەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، بىرقانچە ئېغىز سۆز بىلەنلا ھەممەيلەننى قايىل قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئەتراپتىكىلەر تۇشمۇتۇشتىن «مانا» دېيىشىدۇ. بۇ يەردە «瞧，这才说道点子上了！» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. يەنە جورىڭىز بىلەن تەگىشىپ ئەۋجىگە چىققاندا، قارشى تەرەپ: «يوقال، سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق!» دەيدۇ. بۇ چاغدا سىز «مانا» دەپ توۋلايسىز. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگكەنلىكىڭىز ئۈچۈن ئۇ دېيىشكە بولمايدىغان گەپنى قىلغانلىقىدەك كەيپىياتنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك تۇرمۇشتىن ئايرىلىدىكەنمىز، مەڭگۈ ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنەلمەيمىز.

مەن تىل ئۆگىنىشكە بولغان ئىشەنچىمنى كۈچەيتتىم. دەسلەپ ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگەندە ئەڭ قورقىدىغىنىم تاۋۇشۇمنىڭ، گىراماتىكامنىڭ خاتا بولۇشى تۈپەيلى باشقىلارنىڭ چۈشەنمەسلىكى ئىدى. كېيىنچە شۇنى بايقىدىمكى، دەل سىزدىكى قورقۇنچاقلىق، كېكەچلەش، ئۇياتچانلىق ئەتراپىڭىزدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىدىكى توسالغۇ بولۇپ قالىدىكەن. ۋەھالەنكى، كونا شىنجاڭلىقلارنىڭ مەيلى ئۇلار قايسى مىللەتتىن بولسۇن، تاۋۇشى غەيرى بولسۇن، گىراماتىكىسى جايىدا بولمىسۇن تولۇق ئىشەنچ بىلەن قىلغان سۆزلىرى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشىنىشىگە، قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

كۆپ تىللىق بولۇش ياخشى ئىش. ئۇيغۇر تىلىمۇ ئەلۋەتتە مۇھىم. ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنمىسەك ئالتاي تىلى سىستېمىسىنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇيغۇر مىللىتىنى چۈشىنەلمەيمىز.

ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش يېزىقچىلىق بولماستىن ئۆگىنىش دېيىشكە بولىدۇ. دەرھەقىقەت مەن ئۆگىنىشنى پەقەتلا توختىتىپ قويمىدىم. كىتاب ماتېرىياللىرىم مۇسادىرە قىلىنغاندىمۇ ئۆگىنىشنى توختاتمىدىم. ئولتۇرۇپ تاڭ نەزمىلىرىنى يادلىدىم. ھەتتا مېنى سولاپ قويغاندىمۇ (ئەمەلىيەتتە تەلتۆكۈس سولىنىپ قالغىنىممۇ يوق.) ئىنگلىزچە خام سۆزلەرنى يادلىدىم. ئۆگىنىش ھاياتىمدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى.

ئانا تىلنى يۇرتقا، ئائىلىگە ئوخشاتساق، چەت ئەل تىلىنى دۇنياغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. دۇنيانى چۈشەنگەندىلا يۇرتىمىزنى چۈشىنەلەيمىز. دۇنيانى چۈشەنگەندىلا ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمىز ئېشىپ، ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئارزۇيىمىز كۈچىيىپ بارىدۇ. دۇنياغا يۈزلىنىش بىلەن يۇرتنى سۆيۈش زىددىيەتلىك بولماستىن ئۆزئارا تولۇقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

(دولقۇن تۇرسۇن تەرجىمىسى)

مۇھەررىر: ئەسئەد مەسئۇدى
ئېلخەت: asatmasudi@126.com

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# توققۇز كۈنلۈك پادىشاھ — قۇرەيش سۇلتان

◉ ئابدۇغېنى مامۇت

يەكەن خانلىقى ئىككى ئەسىرلىك سەلتەنەتلىك تارىخىي مۇساپىسىدە، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جەمئىي 19 ھۆكۈمدارنىڭ سەلتەنەت دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن تەختتە ئولتۇرغىنى 33 يىل بولغان بولسا، ئەڭ قىسقا دەۋران سۈرگىنى پەقەت توققۇز كۈنلا تەختتە ئولتۇرغان. يەنى يەكەن خانلىقىنىڭ3 -ئەۋلاد ھۆكۈمدارى سۇلتان ئابدۇكېرىمخان خانلىق تەختىدە 33 يىل دەۋران سۈرۈپ، بۇ خانلىقنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەنزىلىنى ياراتقانلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان بولسا، يەكەن خانلىقىنىڭ6 - ئەۋلاد ھۆكۈمدارى قۇرەيش سۇلتانىنىڭ پەقەت توققۇز كۈنلا تەختتە ئولتۇرۇپ ئاغدۇرۇلۇشى، بۇ خانلىقنىڭ ھوقۇق مەركىزىدىكىلەرنىڭ ئىچكىي قىسمىدا تەخت تالىشىش كۈرىشىنىڭ تۈنجى سىگنالىنى چالغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى زامان سىياسىي تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

قۇرەيش سۇلتان — يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە تۈنجى ئەۋلاد پادىشاھى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ 10 - ئوغلى يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، بۇ خانلىقنىڭ 5 - ئەۋلاد پادىشاھى — سۇلتان شۇجائۇددىن ئەھمەدخان بىلەن بىر نەۋرە كېلەتتى. سۇلتان شۇجائۇددىن ئەھمەدخان ھىجرىيە 1028 - يىلى (مىلادىيە 1618 -، 1619 - يىللىرى) بارچۇقتا شىكارغا بارغاندا، خانلىقنىڭ ئىشىكئاغا مەنسىپىدىكى ئەبۇل مەئانى بىلەن سېرىققول ھاكىمى مۇھەممەد قاسىم ئاكا - ئۇكىلار تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن قەتلى قىلىندۇ. بۇ ئاكا - ئۇكا ئىككىسى پايتەخت يەكەنگە قايتقاندىن كېيىن ئوردا ئەمىرلىرىنى چاقىرتىپ كېلىدۇ. بىر قىسىم ئەمىرلەر ئۆزلىرى خالاپ بەيئەت قىلىدۇ. كۆپ قىسىم ئەمىرلەر بۇ ئىشلارنىڭ قائىدە - ئەنئەنىلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، بېسىم ئاستىدا ئامالسىز مەجبۇرىي بەيئەت قىلىدۇ. ئۇلار قۇرەيش سۇلتاننى «خان» دەپ جاكالايدۇ.

قۇرەيش سۇلتان يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ قوللىشى، كۆپ قىسىم ئەمىرلەرنىڭ بېسىم ئاستىدا ئامالسىز قوللىشى نەتىجىسىدە يەكەن خانلىقىنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ خانلىقنىڭ ئەينى دەۋر تارىخىي رېئاللىقىغا يارىشا ئىقتىساد، ھەربىي ئىستراتېگىيە جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئۆلكىسى — كاشغەرگە: «قەدىمكى ئۆرپ - ئادىتىمىز بويىچە مەن خانلىققا تەيىنلەندىم، بۇندىن كېيىن خۇتبىنى مېنىڭ نامىمدا ئوقۇغىلار، پۇلنىمۇ مېنىڭ نامىمدا قويۇپ تارقىتىڭلار، سىلەر شۇ ئارقىلىق ماڭا بەيئەت قىلىدىغانلىقىڭلارنى ئىپادىلەڭلار. قائىدە - يوسۇن بويىچە كاشغەر بىلەن يېڭىسارنىڭ ھاكىملىرىنى باشقىدىن تەيىنلەيمەن، ئەمىرلەر ئەسلى مەنسىپىدە قالىدۇ. ئىتائەت قىلمىغانلار مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ بۇ ئەلدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ»، دەپ پەرمان چۈشۈرىدۇ. [1]ئەينى ۋاقىتتا سۇلتان شۇجائۇددىن ئەھمەدخاننىڭ 14 ياشقا كىرگەن كىچىك ئوغلى (چوڭ ئوغلى تۆمۈر سۇلتان بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن) سۇلتان ئابدۇلېتىپخان كاشـ

غەر - يېڭىسارنىڭ نائىبى بولۇپ، مۇھەممەد يۈسۈپ بايرىن سۇلتان ئابدۇلېتىپخاننىڭ ئاتالىقى، قوشۇمچە كاشغەرنىڭ ھاكىمى ئىدى. قۇرەيش سۇلتاننىڭ پەرمانى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇھەممەد يۈسۈپ بايرىن بىلەن يېڭىسارنىڭ ھاكىمى مىرزا ھاجى بارلاس پەرمانغا ئىتائەت قىلماي شۇجائۇددىن ئەھمەدخان ئۈچۈن قىساس ئالماق بولۇپ، ئاسىيلاردىن «قاتىل»نى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدۇ. ئەبۇل مەئانى بىلەن مۇھەممەد قاسىم كاشغەر ۋە يېڭىسارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەمىرلەر بىلەن بىۋاستە كېڭەش ئۆتكۈزىدۇ. بۇ جەرياندا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان جىددىي سىياسىي كۈرەش بولۇپ ئۆتىدۇ. نەتىجىدە بەزى ئەمىرلەر ئەبۇل مەئانى بىلەن مۇھەممەد قاسىملارغا مايىل بولۇشقا باشلايدۇ. ئەمما، مۇھەممەد يۈسۈپ بايرىن سىياسىي سەزگۈرلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك كىشى بولغاچقا، بۇ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ يېتىپ دەرھال ئەمىرلەرگە خىزمەت ئىشلەيدۇ. بولۇپمۇ ياشلارغا نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرىدۇ، ھەمدە قوشۇن تەشكىللەپ ئاسىيلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ پايتەخت ياركەنتكە ئاتلىنىدۇ.

سۇلتان ئابدۇلېتىپخاننىڭ ياركەنتتىكى قوللىغۇچىسى ۋەزىر خوجا لېتىپ ۋە بەزى ئەمىرلەر كاشغەر تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئادەم ئەۋەتىپ «كاشغەردىكى ئەمىرلەر بىلەن سۇلتان ئابدۇلېتىپخان ياركەنتكە تېزرەك قەدەم تەشرىپ قىلغاي، بىز سىلەرنىڭ يولۇڭلارغا ئىنتىزار، ئاسىيلارنىڭ زوراۋانلىقىدىن ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالدا قالدۇق» دەيدۇ.[2] دىنىي زاتلارنىڭ قوللىماسلىقى ۋە كۆپ قىسىم ئەمىرلەرنىڭ پاسسىپلىق قىلىشى بىلەن «ئاسىيلار» ئاران 2000 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، شەھەر سىرتىدا سۇلتان ئابدۇلېتىپخان باشچىلىقىدا كەلگەن جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇن بىلەن جەڭ قىلىدۇ. «شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن ئاسىيلار قوشۇنى بىتچىت قىلىنىدۇ. مۇھەممەد قاسىم ئەسىرگە ئېلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەبۇل مەئانى جەڭگاھتىن قېچىپ ئىز - دېرەكسىز يوقۇلىدۇ.» شۇنداق قىلىپ ئاسىيلارنىڭ كۈچلىرى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىلىدۇ. دىنىي زاتلارنىڭ، بولۇپمۇ خوجىلار جەمەتىنىڭ تەسىرى بۇ خانلىق تەۋەسىدە تېخىمۇ زورىيىدۇ.

ئەينى دەۋر تارىخىي خاتىرىلەنگەن ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تاۋارىخ» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ‹سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار› نامى بىلەن نەشر قىلىنغان) ناملىق ئەسىرىدە يېزىلىشىچە: «قۇرەيش سۇلتانمۇ جەڭگاھتىن قاچقان، بىراق ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى يارىتقان ئىگەمگىلا ئايان.»[3] دېيىلگەن بولسا، 17 - ئەسىر (ھازىر بىز تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان دۆلەتنىڭ سەلتەنەت دەۋرى) دە بەلختە ياشىغان ئالىم مۇھەممەد ئىبنى ۋەلىنىڭ «بەھرۇل ئەسرار فى مەناقىبۇل ئەخبار» (سىرلار دېڭىزى) ناملىق كىتابىدا مەخسۇس تۇختىلىپ: «قۇرەيش سۇلتان ئىنىسى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلگەن» دەپ يازغان.[4] نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «كاشغەر تارىخى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ‹چىڭگىزنامە› نامى بىلەن نەشر قىلىنغان) ناملىق ئەسەردىمۇ: «قۇرەيش سۇلتان باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.[5] قارىغاندا پەقەت توققۇز كۈنلا تەختتە ئولتۇرالىغان بۇ پادىشاھ شۇ قېتىملىق جەڭدە باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شاھ مەھمۇد جۇراس بۇ ئىشنى يوشۇرۇشنى ئويلاپ (خاننىڭ ئۆز جەمەتىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈشى بىر خىل سەتچىلىك دەپ قاراپ)، پەقەت مۇجمەل سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، بۇ ئىشنى «ئاللا» نىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا ئىتتىرىپ قويغان. كېيىنكى ئىككى ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرى يەكەن خانلىقىنىڭ پۇقراسى بولمىغاچقا، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئۇدۇللا ئېيتقان.

دېمەك، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قۇرەيش سۇلتاننىڭ ياركەنتتە بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ يەكەن خانلىقى تارىخىدىكى پەقەت توققۇز كۈنلا داۋاملاشقان سەلتەنىتى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېنىق. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئابدۇلېتىپخاننىڭ تەختكە چىقىشىغا قولاي شارائىت يارىتىلغان.

---

ئىزاھلار:

[3] [2] [1] شاھ مەھمۇد جۇراس: «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى، 97 -، 101 -، 105 - بەتلەر.

[4] ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 183 - بەت. ۋېي لياڭتاۋ، ليۇ جېڭيىن: «خوجىلار جەمەتى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 242 - بەت.

[5] موللا مىر سالىھ كاشغەرىي: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 - يىلى نەشرى، 133 - بەت.

مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئېلخەت: qashtash@126.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# مەشھۇر سەييَاھ – ئىبن بەتتۇتە




ئەرەب تارىخىدا ئىبن بەتتۇتە ئىسىملىك بىر مەشھۇر سەييَاھ ئۆتكەن. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبن ئابدۇللاھ ئىبن مۇھەممەد ئىبن بەتتۇتە ئەل تانجى بولۇپ، 1304 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ماراكەشتە بەربەرلەر جەمەتىدە تۇغۇلغان، 1377 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ 20 ياشلارغا كىرگەندە، مەككىگە ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان، ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ ھازىرقى 44 دۆلەتنىڭ زېمىنىغا توغرا كەلگۈدەك تېررىتورىيەنى ئايلىنىپ چىققان.

## مەككىگە ھەج تاۋاپقا بېرىش

ئالدى بىلەن، ئۇ شىمالىي ئافرىقا دېڭىز قىرغاقلىرىنى بويلاپ سەپەر قىلىپ، بۈگۈنكى ماراكەش، ئالجىرىيە، تۇنىس، لىۋىيە ۋە مىسىرنىڭ دۆلەت تېررىتورىيەسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، قاھىرەگە يېتىپ بارغان. قاھىرەدىن مەككىگە ئۈچ يول بىلەن بارغىلى بولاتتى، بەتتۇتا ئەڭ قىسقا، ئەمما كىشىلەر ئانچە ماڭمايدىغان يولنى تاللايدۇ، نىل دەرياسى بىلەن بۈگۈنكى سۇداندىكى سۇدان پورتى بىلەن قىزىل دېڭىزدىن ئۆتۈپ مەككىگە بارىدۇ. ئۇ سۇدانغا يېتىپ بارغاندا، شۇ يەردە مىسىر مەملۇك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قالايمىقانچىلىق پارتلىغانىدى، شۇنداق قىلىپ، بەتتۇتە قاھىرەگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا يولدا ئۇ بىر «دانىشمەن»گە يولۇقۇپ قالىدۇ، «دانىشمەن» ئۇنىڭغا ئاۋۋال سۇرىيەگە بارماي تۇرۇپ، مەككىگە مەڭگۈ بارالمايدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بەتتۇتە ئاۋۋال سۇرىيەنىڭ دەمەشققە بېرىپ، يول بويى ئېرۇسالىم قاتارلىق مۇقەددەس جايلارنى زىيارەت قىلىپ ئاندىن مەككىگە بېرىشنى قارار قىلىدۇ.

دەمەشقتە رامزان ئېيىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، بەتتۇتا بىر سودا كارۋىنى بىلەن بىرلىكتە مەدىنە ۋە مەككىگە ئامان - ئېسەن بېرىپ، ھەج تاۋاپ قىلىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئەمما بۇ چاغدا، سەپەر قىلىشقا كۆڭلى مايىل بولۇپ قالغان بەتتۇتا قايتىپ كەتمەسلىك قارارىغا كېلىپ، كېيىنكى نىشانى ئەينى چاغدىكى ئىلخانىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى باغدادقا قاراپ يولغا چىقىدۇ.

## ئىلخانىيلار دۆلىتى

بەتتۇتە بۈگۈنكى سەئۇدى ئەرەبىستان چېگراسى ئىچىدىكى









چەكسىز قۇملۇقلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، بەسرەگە يېتىپ باردۇ،
ئاندىن ئۇ شەرقىي شىمالغا مېڭىپ، مۇقەددەس جاي — ئىسپا-
ھاننى تاۋاپ قىلدۇ، ئاندىن يەنە غەربىي جەنۇبقا قاراپ مې-
ڭىپ، شىراز، نەجەفنى كېسىپ ئۆتۈپ، باغدادقا يېتىپ باردۇ.
ئەينى چاغدىكى باغداد ھىلاكۇنىڭ بۇلاڭ - تالىڭىدىن ئەسلىگە
كېلىپ بولالمىغان بولۇپ، نەگىلا قارىسا ۋەيرانە مەنزىرىلەرنى
كۆرگىلى بولاتتى. بەتتۇتە ئارقىدىنلا تەبرىزگە باردۇ. موڭ-
غۇللار تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، تەبرىز ھېچقانداق قارشىلىق
قىلمايلا شەھەرنى ئېچىپ بەرگەنىدى، شۇ ۋەجىدىن ھېچقانداق
لەشكەر چىقىم تارتمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىپەك يولىغا
جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇ چاغدا تەبرىز غەربىي ئاسىيادا ئال-
دىنقى قاتاردا تۇرىدىغان سودا مەركىزىگە ئايلانغانىدى. بۇ-
نىڭدىن كېيىن، بەتتۇتە مەككىگە قايتىپ كېلىپ، ئىككىنچى قې-
تىم ھەج تاۋاپ قىلدۇ.

## شەرقىي ئافرىقا سەپىرى

بەتتۇتە مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندا ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا يېتەل-
مەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يەنە بىر قېتىملىق سەپەرنى
باشلايدۇ. بۇ قېتىم ئۇ ئالدى بىلەن قىزىل دېڭىزنىڭ جەنۇبىنى
بويلاپ، ئېفىيوپىيە ئارقىلىق يەمەندىكى ئەدەن شەھرىگە يې-
تىپ باردۇ، ئاندىن كېيىن ئۇ كۆز شاملىدىن پايدىلىنىپ،
شەرقىي ئافرىقا دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ،
داۋاملىق سومالىنىڭ مۇقدىشو، كېنىيەنىڭ مومباسا، تانزانىيە-
نىڭ زەنزىبار ۋە كىلۋا قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدۇ.
كۆز شاملىنىڭ جەنۇب شاملىغا ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، بەتتۇتە
شىمالغا قاراپ مېڭىپ، ئەدەن شەھرىگە قايتىپ كېلدۇ، ئاندىن
يەنە شىمالغا قاراپ مېڭىپ، ئوماننى زىيارەت قىلىپ، بۈگۈنكى
ھورمۇز بوغۇزىغىچە يېتىپ باردۇ. بارلىق سەپەرنى ئاخىرلاش-
تۇرغاندىن كېيىن، يەنە مەككىگە قايتىپ، كېلەر قېتىملىق سەپە-
رى ئۈچۈن تەييارلىق قىلدۇ.

## ئالتۇن ئوردا خانلىقى

ئاردىن بىر يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېھلىسۇلتانى بەتتۇتە
ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنى ھىندىستانغا تەكلىپ قى-
لىشنى قارار قىلدۇ. بەتتۇتە شۇنداق قىلىپ ئالدى بىلەن كى-
چىك ئاسىيادىن يولغا چىقىدۇ، چۈنكى ئەينى چاغدىكى دېھلى
سۇلتانى بىلەن قەبىلىداش سەلجۇقىيلار ئۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق
قىلىۋاتاتتى، بەتتۇتە ئۇ يەردىن تىلماچ ۋە يېتەكچى تاپقىلى بو-
لىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ بۈگۈنكى لىۋان دېڭىز قىرغىقىدىن يول-
غا چىقىپ، گېنويە كېمىسىگە ئولتۇرۇپ، تۈرك پورتى — ئەرەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ياغا يېتىپ باردى، ئۇ يەردىن يەنە پۈتۈن ئاناتولىيەنى كېسىپ ئۆتۈپ، قارا دېڭىزدىكى شىنوپ پورتىغا يېتىپ باردى. ئۇ يەردىن، يەنە كېمىگە ئولتۇرۇپ قارا دېڭىزدىن ئۆتۈپ، قىرىمدىكى كاففا پورتىغا يېتىپ كېلىدۇ. كاففادىن يولغا چىقىپ، شەرققە قاراپ مېڭىپ يايلاقلارنى كېسىپ ئۆتىدۇ، سەپەر جەريانىدا، ئۇ ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانى مۇھەممەد ئۆزبېكخاننى ئۇچرىتىپ قالىدۇ، ئارقىدىنلا ئۇ خانغا ئەگىشىپ ۋولگا دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى پايتەخت — سارايغا قايتىپ كېلىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەتتۇتە بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ئەڭ شەرقتە ئاستراخانغا يېتىپ بارغان. بۇ چاغدا دەل مۇھەممەد ئۆزبېكخاننىڭ ۋىزانتىيەلىك ئامراق خانىشى ئېغىرئاياغ بولغانىدى، ئۆزبېكخان بەتتۇتەنى بۇ ئامراق خانىشىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ تۇغۇپ كېلىشىگە ھەمراھ قىلىپ ئەۋەتىشنى قارار قىلىدۇ.

1332 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بەتتۇتە كونستانتىنوپولغا يېتىپ بېرىپ، شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ خانى ئەندىلوزنىكا III بىلەن كۆرۈشىدۇ، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم غەيرىي ئىسلام شەھىرىنى زىيارەت قىلىشى بولۇپ، ئايا سوفىيە چېركاۋىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى ئۇنى ھەيرەتتە قالدۇردى. ئۇ ۋەزىپىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ئاستراخانغا قايتىپ، ئۆزبېكخانغا مەلۇم قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن كاسپىي دېڭىزىدىن ئۆتۈشكە تەرەددۇتلىنىدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىن ئۆتۈپ، ئارال دېڭىزى ئارقىلىق سەمەرقەند ۋە بۇخاراغا يېتىپ باردى، بەتتۇتە ئۇ يەردە ئاخىرى تىلماچ ۋە يېتەكچى تېپىپ، جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ بۈگۈنكى ئافغانىستان ئارقىلىق، دېھلىغا يېتىپ كېلىدۇ.

## دېھلى سۇلتانلىقى

دېھلى سۇلتانلىقى غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ تېررىتورىيەسىدە قۇرۇلغان ئىسلام دۆلىتى بولۇپ، ئەمدىلا بىر مەيدان قالايمىقانچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەچكە، سۇلتان مۇھەممەد تۇغلاق ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتىنى پىششىق بىلىدىغان كىشىلەرنى ئىنتايىن جىددىي قوبۇل قىلىۋاتاتتى. بەتتۇتە مەككىدە ئۇزاق يىل ئولتۇراقلىشىش داۋامىدا، ئىسلامىي بىلىملىرى موللىشىپ بارغان بولغاچقا، خان ئۇنى قازىلىققا تەيىنلەيدۇ. تۇغلاق خان ئانچە تۇتامى يوق ئادەم بولغاچقا، بەتتۇتە بەزىدە تۇرمۇشقا قاتتىق ئىشەنچ باغلاپ كەتسە، بەزىدە ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ كېتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ بۇ يەردىن كەتمەكچى بولىدۇ. بۇ چاغدا تۇغلاق خان جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولىدۇ، بەتتۇتە ئۆزى ئەلچىلىككە بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇنداق بولغاندا، ئۇ دېھلىدىن كېتەلەيتتى، يەنە كېلىپ يېڭى جايلارنى زىيارەت قىلالايتتى.

## شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە جۇڭگو

دېھلىدىن يولغا چىقاندىن كېيىن، بەتتۇتا قاتارلىقلار ھىندى دىنى مۇرتلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالىدۇ. جەنۇبىي ھىندى ئوكيانىدىكى كالىكۇتتا پورتىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يولغا چىققان كېمە ئەتىرتى يولغا چىقماي تۇرۇپلا بوران - چاپقۇنغا دۇچ كېلىدۇ. ئۈچ كېمىنىڭ ئىككىسى ۋەيران بولىدۇ، ئۈچىنچى كېمە لەڭگەرنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئىككى ئايدىن كېيىن كېمىدىكىلەر سۇماترا ئارىلىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بەتتۇتە ئەينى چاغدا مەسچىتتە ناماز ئوقۇۋاتاتچقا، تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئەمما، ئۇ دېھلىغا قايتىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالماي، پەقەت شۇ يەرلىك مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلارنىڭ ئارىسىدا پاناھلىنىدۇ. بۇ چاغدا ھىندى دىنى مۇرتلىرى ناھايىتى تېزلا مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ، بەتتۇتە ئالدىراپ - تېنەپ قېچىپ چىقىپ، مالدىۋېغا سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

ئۇ مالدىۋېدا توققۇز ئاي تۇرۇپ قالىدۇ، بۇ مەزگىلدە، ئۇ شۇ يەرنىڭ چوڭ قازىلىقىغا تەيىنلىنىدۇ، ھەتتا پادىشاھنىڭ قىزىغا مەجبۇرىي ئۆيلىنىدۇ. ئەمما بەتتۇتە مالدىۋېدا تۇرۇپ قېلىشنى خالىماي، ئۆز مەيلىچە جازا ئىجرا قىلىۋېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇقىرى - تۆۋەندىكىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، مالدىۋېدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ سەيلون (ھازىرقى سىرىلانكا)غا بېرىپ، ئادەم كۆۋرۈكنى كۆرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ كېمىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بوران - چاپقۇنلارغا دۇچ كېلىدۇ، يەنە كېلىپ دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا دۇچار بولىدۇ، بۇ ئىشلار ئۇنى يەنە كالىكۇتتاغا قايتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ، لېكىن ئاخىرىدا يەنىلا مالدىۋېغا قايتىدۇ.

بۇ قېتىم ئۇ دەرھال جۇڭگودىن كەلگەن بىر كېمىنى ئىزدەپ تاپىدۇ ھەمدە مالاككا دېڭىز بوغۇزى ئارقىلىق، ۋىيېتنام دېڭىز قىرغىقىنىڭ شىمالىنى بويلاپ مېڭىپ، ئاخىرىدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي جۇڭگودىكى ئاساسلىق پورتى — چۈەنجۇغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ چۈەنجۇۋدىن يولغا چىقىپ، يەنە خاڭجۇغا باردى. بەتتۇتە ئۆزىنىڭ بېيجىڭ - خاڭجۇ ئۇلۇغ قانىلىنى بويلاپ ئۇدا شىمالغا قاراپ مېڭىپ بېيجىڭغا يېتىپ بارغانلىقىنى جاكارلايدۇ، ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردىكى تارىخچىلاردا بۇ ھەقتە تالاش - تارتىش مەۋجۇت بولۇپ، بەزىلەر ئۇ جۇڭگوغا كەلمىگەن دەپ قارىماقتا، يەنە بەزىلەر ئۇنى بېيجىڭغا بېرىپ باقمىغان، دېيىشمەكتە.

## قايتىش سەپىرى

بەتتۇتە خاڭجۇدىن قايتىپ كەتمەكچى بولىدۇ. ئۇ ئالدى

بىلەن كېمە بىلەن كالىكۇتتاغا قايتىدۇ، ئەمما ئۇ تۇغلاق خان بىلەن كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئەرەب دېڭىزى ئارقىلىق ئومان ۋە باغدادقا بارىدۇ، ئۇ يەردە ئىبن ھۇسەيىننىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ۋە دۆلەتنىڭ گۇمران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ مەككىگە قايتماقچى بولۇپ دەمەشقتىن ئۆتىدىغاندا، چۇما كېسلى يامراپ كېتىپ، ئاتىسىنىڭمۇ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەتتۇتە ماراكەشتىكى يۇرتىغا قايتماقچى بولىدۇ. ساردىنىيە ئارىلى ئارقىلىق، تانگېيرغا قايتىپ، ئانىسىنىڭمۇ نەچچە ئايلار ئىلگىرى ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بۇ چاغدا، بەتتۇتەنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلغىنىغا ئاللىقاچان 25 يىلدەك بولۇپ قالغانىدى.

## ئىسپانىيە ۋە ماراكەش

بەتتۇتە ئائىلىسىدە ئانچە ئۇزاق تۇرمايلا، يەنە ئەينى چاغدىكى مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىسپانىيە ـ ئاندالۇسىيەگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئەينى چاغدىكى كاستىللانىڭ خانى ئالفانسو XI بارلىق لەشكەرلەرنى توپلاپ، گىبرالتار ئارىلىغا زەربە بېرىۋاتاتتى، تانگېيردىكى مۇسۇلمانلار بىر قىسىم پىدائىيلارنى تەشكىللەپ شەھەرنى قوغداشقا ئەۋەتكەنىدى، بەتتۇتەمۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى. ئەمما ئالفانسو چۇما كېسلى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا بەتتۇتە ئاندالۇسىيەگە بېرىشنى ساقلاۋاتقاندا، تەھدىتلەر بىكار قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ بەتتۇتا يول بويى سەيلە ـ ساياھەت قىلىپ، ئەڭ شىمالدا ۋالېنسىيەگە يېتىپ بېرىپ، ئاخىرىدا گىرانادا ئارقىلىق قايتىپ كېتىدۇ. ماراكەشكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزى تۇغۇلغان بۇ دۆلەتنى ئايلىنىپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇ يەنە سەپەرگە چىقىدۇ، لېكىن چۇما كېسلى سەۋەبىدىن شەھەرلەرنىڭ قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ماراكەشنىڭ ئەينى چاغدىكى پايتەختى فېزنى ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، تانگېيرغا قايتىپ كېتىدۇ.

## مالى سەپىرى

بەتتۇتە تانگېيردا سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى سىرلىق دۆلەت ـــ مالى ئىمپېرىيەسىنىڭ بارلىقىنى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى چاغدا دۇنيانىڭ تەڭ يېرىم ئالتۇنى مالىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا بەتتۇتە شۇنداق قىلىپ مالىغا بارماقچى بولىدۇ. 1351 ـ يىلى كۈزدە، مالىغا قاراپ يولغا چىقىپ، سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن قەدىمي شەھەر ـــ تاغازاغا يېتىپ كېلىدۇ، بۇ ماراكەشلىكلەر بىلەن مالىلىقلارنىڭ تۇزنى ئالتۇنغا ئالماشتۇرىدىغان مۇھىم جايى ئىدى. ئاندىن ئۇ يەنە جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، ئاخىرىدا مالىنىڭ پايتەختىگە يېتىپ بېرىپ، پادىشاھ مەنسا سۇلايمان بىلەن كۆرۈشىدۇ. كېيىن، قايتىش سەپىرىگە قەدەم قويىدۇ. بەتتۇتە ئوردىدا ماراكەش سۇلتانىنىڭ پەرمانىنى تاپشۇرۇۋېلىپ دەرھال يۇرتىغا قايتىدۇ.

## بەتتۇتەنىڭ ساياھەت خاتىرىسى

تانگېيرغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماراكەش سۇلتانى بىر ئالىمنى بەتتۇتەنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىدۇ، بۇ ئالىم بەتتۇتەنىڭ بايانلىرىنى خاتىرىلەپ چىقىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا «ئىبن بەتتۇتەنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دەپ نام قويىدۇ. بەتتۇتە كېيىن تانگېيردا يەرلىك قازى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ، 1377 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن تانگېيرغا دەپنە قىلىنىدۇ. بۇ كىتاب كېيىنكى يىللاردا كىشىلەرنىڭ ئانچە ئېتىبارىغا ئېرىشەلمەيدۇ، 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا، غەربىي ياۋروپادىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بۇنداق بىر ئەسەرنىڭ بارلىقىنى قايتىدىن بايقايدۇ، 1853 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە بۇ كىتاب پارىژدا فىرانسىيە ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، زور زىلزىلە قوزغايدۇ، كېيىن يەنە نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئىلىم ساھەسىدىكىلەر «بۇ كىتابنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىشەنچلىك بولۇپ، 14 ـ ئەسىردىكى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تەتقىق قىلىشنى نۇرغۇن قىممەتلىك خام ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ»، دەپ قاراشماقتا. 1985 ـ يىلى بۇ كىتاب بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ما جىنپېڭ تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

## كېيىنكى باھالار

ئەينى چاغدىكى ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەربىر دۆلەتتە بەتتۇتانىڭ قەدەم ئىزى قالغان. پار دەۋرى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ بەلكىم ساياھەت قىلغان مۇساپىسى ئەڭ ئۇزۇن ئادەم بولۇپ ھېسابلىنىشى مۇمكىن. ئەرەب دۇنياسىدا بەتتۇتە يۈكسەك شان ـ شەرەپكە ۋە شۆھرەتكە نائىل بولىدۇ، ماراكەشلىكلەر ئۇنى قەھرىمان شەخس سۈپىتىدە خاتىرىلەيدۇ. يېقىنقى دەۋردىكى ئاسترونوملار ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاي شارىدىكى بىر ھالقىسمان تاغنىڭ ئىسمى قىلىپ بېكىتتى.

(تەرجىمە قىلغۇچى: توختىنىياز ئىسمائىل نىدائىي)

مۇھەررىر: قۇدرەت يۈسۈپ
ئېلخەت: kudratyusup@163.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# «چەرچەن سەنىمى» ۋە «چەرچەن تاغ ناخشىلىرى»دىكى مەدەنىيەت پۇرىقى







ئىلھام مۇھەممەد

چەرچەن – تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي گىرۋىكىگە، قۇرۇم تېغى ۋە ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان ئۇزاق تارىخقا، شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى. ئەتراپى پايانسىز تاقىر تاغلار، قۇم باخانلىرى بىلەن ئورالغان، يايلاق ۋە بوستانلىق كۆلىمى ئاز مۇشۇنداق جاپالىق تەبىئىي شارائىتتا ياشايدىغان چەرچەن ئۇيغۇرلىرى ئەسىرلەر مابەينىدە ئەقىل – پاراسىتى، تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، چەرچەن بوستانلىقىدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل يۇرتنى بەرپا قىلغان ھەم گۈللەندۈرۈپ كەلگەن. ئەمگەك ۋە تۇرمۇش جەريانىدىكى تۈرلۈك ئارزۇ – ئىستەكلىرىنى سەنئەت ئارقىلىق ئىپادىلەپ، مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتىپ، ئۆزىگە خاس ناخشا- ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. 1985 – يىلى 4 – ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىدىكى ئابدۇقەييۇم خوجا، دولقۇن قەمبىرى قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر چەرچەن ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 180 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى مولچەر دەرياسىنىڭ شەرقىي، غەربىي قىرغىقىدىكى تەخمىنەن 10 مىڭ كىۋادرات مېتىر دائىرىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇلغان رەسىملەرنىڭ يىل دەۋرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. مۇتەخەسسىسلەر بۇ رەسىملەرنى بۇنىڭدىن 6000 ~ 8000 يىللار ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن، دەپ يەكۈن چىقاردى. قىيا تاش رەسىملىرىدە سەنئەت مەزمۇن قىلىنغان ئوبرازلاردىن كوللېكتىپ ئۇسسۇل، قوش كىشىلىك ئۇسسۇل، يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل، سېرىك قاتارلىقلار بار. ئۇسسۇلچىلارنىڭ بەزىلىرى كالا، بۇغا مۈڭگۈزى، ھايۋانات تېرىلىرى قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىۋالغان، بەزىلىرى ھايۋانغا تەقلىد قىلىپ، يانپىشىغا قۇيرۇق چېگىۋالغان. ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر ئىچىدە ئۇزۇن كۆينەك كىيگەن بىر ئۇسسۇلچىنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ لەرزان ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشى، ئۇنىڭ چەبدەسلىك بىلەن ئورۇنلىغان پىقىراش ھەرىكىتىدىن ئۇزۇن كۆينىكىنىڭ ئېتەكلىرى يېيىلغان، ئىشتىنىنىڭ پۇشقاقلىرى كۆپكەن ھالىتى روشەن تەسۋىرلەنگەن. بۇ تارىخىي ئۇچۇرلار مۇشۇ رايوندا ياشىغان خەلقنىڭ ناخشا – ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن «چەرچەن سەنىمى» ۋە «چەرچەن تاغ ناخشىلىرى» چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەقىل – پاراسىتىنىڭ، ئىجادىي تالانتىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى. «چەرچەن سەنىمى» ناخشا – ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا بىر گەۋدىلەشكەن، يۈرۈشلەشكەن سەنئەت ئەسىرى. چەرچەن سەنىمىگە تەۋە نۇرغۇن ناخشا – ئاھاڭلار بۈگۈنگە قەدەر چەرچەننىڭ تۈرلۈك توي – تۆكۈن، بەزمە – مەشرەپلىرىدە ئېيتىلىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېكىست، ئاھاڭ، مەزمۇن ۋە ئورۇنلاش ماھارىتى جەھەتتىن تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

«چەرچەن تاغ ناخشىلىرى» چەرچەننىڭ قورامىلىق، ئاتچان، ئويىيايلاق يېزىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا تاغلىق رايون خەلقى ئىجاد قىلغان، تاغ رايونىدا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان، ئاللىچى راۋاب بىلەن ئورۇنلىنىدىغان، تىلى ئاددىي، جەلپكارلىققا ئىگە، پەلسەپىۋىلىككە باي، مېلودىيەسى مۇڭلۇق، يېقىملىق، قەدىمىيلىك پۇرىقى كۈچلۈك خەلق ئاھاڭلىرىدۇر. چەرچەن تاغ ناخشىلىرى تاغلىق رايون خەلقىنىڭ نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئەقىل – پاراسىتى، ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى سۈپىتىدە قەدىمىيلىك ۋە يەرلىك پۇرىقىنى ساقلىنىغان ھالدا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

«چەرچەن سەنىمى» ۋە «چەرچەن تاغ ناخشىلىرى» سەنئەت قىممىتىدىن باشقا، تىلشۇناسلىق قىممىتى، ئەدەبىيات قىممىتى، تارىخىي قىممىتى، جۇغراپىيەۋى قىممىتى ۋە مەدەنىيەت قىممىتى بىلەن

تېخمۇ قىممەتلىكتۇر. چۈنكى، بۇ قىممەتلىك سەنئەت مىراسىمىزدا چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ مول ، رەڭدار تىل مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى، تارىخى، جۇغراپىيەسى ۋە مەدەنىيەت تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان مول پاكىتلار ئوبرازلىق ۋە ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

مەدەنىيەت — بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، مىللىي خاسلىقنىڭ روشەن بەلگىسى. ھەرقانداق بىر مىللەت ئوخشىمىغان ماكان، ئوخشىمىغان زاماندا ياشاش جەريانىدا، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. تارىخىي ئىزچىللىقنى، قەدىمىيلىكنى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ساقلاش مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، بۇنداق ئالاھىدىلىك مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قىممىتىنى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. «چەرچەن سەنىمى» ۋە «چەرچەن تاغ ناخشىلىرى»نى مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە دېيىشكە بولىدۇ.

چەرچەن جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتىن قوشنا يۇرتلار بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق بولغانلىقتىن، بۇ مۇنبەت زېمىندا ئەسلىدە بار بولغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدىن ئاساسەن خالىي بولغاچقا، چەرچەن بوستانلىقىدا بارلىققا كەلگەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ، ئۇنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى ۋە قەدىمىيلىك پۇرىقى ئاساسەن ساقلىنىپ قالغان. بولۇپمۇ، يېقىنقى يىللارغىچە قوشنا رايونلار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن ئاساسەن خالىي، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان، بوران - چاپقۇنلۇق، خىلۋەت تاغلىق رايوندا تارقاق ئولتۇراقلىشىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تەنھا، بېكىنمە ھالەتتە مال - چارۋا بېقىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن تاغ خەلقى ئۆزىنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ماس ھالدا ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مول مەزمۇنلۇق، رەڭدار، يەرلىك پۇرىقى كۈچلۈك، ئۆزگىچە خاس ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ناخشا - ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا سەنئىتىدە ئىپادىلەپ كەلگەن. چەرچەن سەنىمى ۋە تاغ ناخشىلىرى ئەسىرلەر مابەينىدە ئۈزۈلمەس ئېقىندەك بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن، چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، ئۈمىد - ئارزۇلىرى، تەبىئەت قارىشى، ھاياتلىق قارىشى ۋە تۇرمۇش قارىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. چەرچەن سەنىمى ۋە تاغ ناخشىلىرى تېكىستلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، بۇ قىممەتلىك سەنئەت مىراسىمىزنىڭ قەدىمىيلىك پۇرىقى، يەرلىك پۇرۇقى كۈچلۈك بولۇش بىلەن بىرگە، مەدەنىيەت پۇرىقىنىڭ ئالاھىدە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، چەرچەن ئۇيغۇرلىرى بارلىققا كەلتۈرگەن كۆپ قاتلاملىق، كۆپ قىرلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئوبرازلىق ۋە ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇنىڭ ئىپادىلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن بايان قىلىشقا بولىدۇ. (سەھىپە ئېتىبارى بىلەن قوشاقلارنىڭ ماقالە مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى مىسراسى ئېلىندى.)

(1) چەرچەن سەنىمى ۋە تاغ ناخشىلىرى تېكىستلىرىدە چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ، جۈملىدىن تاغ خەلقىنىڭ ئەتراپى پايانسىز تاقىر تاغلار بىلەن ئورالغان، يايلاق ۋە بوستانلىق كۆلىمى ئاز جايلىق تەبىئىي شارائىتتا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەنلىكىدەك ئەمگەك ۋە تۇرمۇش پائالىيىتى ئوبرازلىق، ئېنىق ئىپادىلەنگەن. 1985 - يىلى 4 - ئايدا تېپىلغان مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىيا تاشلارغا بۆرە، يىلپىز، ئېيىق، ئىت، تۈلكە، ئىلان، بۇغا - مارال، تاغ تېكىسى، غۇلجا - ئارقار، كۆكمەت (تورۇق تېكە)، بۆكەن، جەرەن، كىيىك، يورغا، ياۋا قوتاز، ياۋا كالا، ئات، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرى، دەل - دەرەخ ۋە باشقا رەسىملەر ئويۇلغان بولۇپ، بۇ ھايۋانلار ھازىرمۇ ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا ياشايدۇ. ناخشا تېكىستلىرىدە «ئۇلا، قۇرغۇي، توشقان، بېلىق» قاتارلىق ئوۋلىنىدىغان ھايۋانلار نامى بىلەن، ئات، قوتاز قاتارلىق كۆندۈرۈپ بېقىلىدىغان ھايۋانلار نامىنىڭ كۆپ ئۇچرىشى بۇ رايوندا ياشىغان خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، بۇ جەھەتتە بەلگىلىك مەدەنىيەت ئۆتۈقلىرىنى ياراتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن،

ئەجەبمۇ ئىكەن تولا،
تاغنىڭ بېشىدا ئۇلا.

قۇرغۇي كەلسە ئېتىۋال،
بۇلبۇل كەلسە بېقىۋال.

ئەتىگەندە سەھەردە ،
يورغىلايدۇ بوز توشقان.

ئاق بوز ئاتنى داڭلايدۇ،
كۆك بوز ئاتقا يەتمەيدۇ.

تاغدىكى ئالا قوتازنىڭ،
مۈڭگۈزى بۇرغۇي بولار.

يېڭى تۇتقان يارنى،
ئۈندىسەم قۇرغۇي بولار.

(2)چەرچەن سەنىمى ۋە تاغ ناخشىلىرى تېكىستلىرىدە بۇغداي تېرىش، ئوما ئورۇش، خامان ئېلىش، مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىشقا ئوخشاش دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ئەمگىكىگە مۇناسىۋەتلىك بايانلار ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كەتمەن قاتارلىق سايمانلار، بۇغداي، قىچا قاتارلىق زىرائەتلەر، كاۋاپ،گىردە نان، ماش قاتارلىق يېمەكلىكلەر، ئاق ئالما، ئۆرۈك، ئەينۇلا، ئانار، توغاچ، ئۈزۈم، چىلگە قوغۇن قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ناخشا تېكىستلىرىدە كۆپ سالماقنى ئىگىلىشى بۇ زېمىندا دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بەلگىلىك تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ياراتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن،

بۇغداي تېرىدىم تۈزگە،
تەڭنىڭ يامىسى كۈزگە.

ئوماڭنى ئورۇپ قويدۇم،
ئەنجىسىنى سايلىماي.

ئالما ئاتتىم تاللىققا ،
تالنى ئاچقاندا چىقار.

باغىڭغا كىرەي دېسەم،
ئۆرۈكۈڭ ئەجەب شاخلىق.

بىر باغقا ئانار سالدۇق،
بىر باغقا يالاڭ توغاچ.

ئاغىچام سېرىق چىراي،
چىلگە پۇرايدۇ قوينىڭىز.

چىم-چىم ئەتتىم چىم بىلەن،
كاۋاپ ئەتتىم زىخ بىلەن.

ئۆينىڭ ئارقىسى بېدە،
نانىنىڭ ياخشىسى گىردە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(3)چەرچەن سەنىمى ۋە تاغ ناخشىلىرى تېكستلىرىدە چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەشتىچىلىك قاتارلىق ھۈنەر-كەسپى، كىيىنىش، ئاياللارنىڭ ياسىنىش ئادەتلىرى ۋە گۈزەللىك ئادەتلىرى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كۆپلىگەن ناخشا تېكستلىرىدە تاۋار-دۇردۇن، چەكمەن قاتارلىق رەخت تۈرلىرى، مارجان دوپپا، چار ياغلىق، شايى رومال، كۆينەك، پىرىجە، يەكتەك، ئۆتۈك، مەسە قاتارلىق كىيىم - كېچەك تۈرلىرى، ئاياللارنىڭ ئالتۇن زىرە(ھالقا)، بىلەيزۈك، ئۈزۈك قاتارلىق زىبۇزىنەت بۇيۇملىرى، مارجان ئېسىش، ئوسما قويۇش، گۈل قىسىش قاتارلىق گۈزەللىك ئادەتلىرىنىڭ جانلىق تەسۋىرلىنىشى چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۈنەر-كەسپ، كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىنەت مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن،

بېشىڭدىكى دوپپاڭنى،
قانداق يېپتا يۆمەيمەن.

مارجان دوپپا باشىڭدا،
ياراشقان ئوسما قاشىڭدا.

يارىم چىقتى كۆل بېشىغا،
چارياغلىق چېگىپ بېشىغا.

كۆڭلەكچان قالادۇرمەن،
يارىم بەرمىسە چەكمەن .

يارىم ياتار ھويلىدا،
تاۋار دۇردۇن كىيىۋالسا،
بىلەيزۈكنى سىلىۋالسا...

ئالتۇن زىرە ئېسىۋالسا،
ئانىسى دەللە تىقىۋالسا.

قولۇڭدىكى ئۈزۈكنىڭ،
كۆزى چەشمۇ لەھەلمۇ.

ئوسما قويۇپ، گۈل قىسىپ،
جاننى ئالسەن.

ئۈنىمسا ئۈنىماي ئوينايمىز ،
سېرىق مارجان بويىندا.

(4) چەرچەن سەنىمى ۋە تاغ ناخشىلىرى تېكستلىرىدە خەلق تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن «ئالتۇن قىزنىش» قا ئوخشاش ھەقىقىي ۋەقە - ھادىسىلەر، «ھەۋزىخان»، «زىۋىدىخان»، «گۈلسەيدىخان»، «كىچىككىنە ئايشەمخان» قاتارلىق رېئال شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بىزنى چەرچەن تارىخىدا ھەقىقىي يۈز بەرگەن ۋەقە - ھادىسىلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن،

مىڭ بۇلاقتا ماڭغاندا،
ئۇلاغلارغا مىنىكلىك.
مىڭ بۇلاقتىن يانغاندا،
بىرەممىز يۇدۇكلۇك.

چەرچەن تاغ ناخشىلىرىنىڭ پېشۋاسى تۇردى روزى ئۆتەك ئىجاد قىلغان بۇ ناخشا تېكستىدە 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئالتۇن كولىغۇچىلارنىڭ ئۇلاغ بىلەن ئارقا تاغقا بېرىپ، بىر سەر ئالتۇن تاپالمايلا قالماي، ئۇلاغلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ پىيادە قايتىپ كەلگەنلىكىدەك ھەقىقىي ۋەقە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئوتىڭىز يامان زىۋىدىخان،
دەردىڭىز يامان زىۋىدىخان.

يۈرەك كۆيۈپ كۆل بولدى ،
ئوتىڭىز يامان گۈلسەيدىخان.

قارا كۆز ئايشەمخان،
بۇلاقتەك كۆزلىرىڭ ئويناق.

(5) چەرچەن سەنىمى ۋە تاغ ناخشىلىرى تېكستلىرىدە «مىڭبۇلاق، جامبۇلتاش، مۇزداۋان، يۇمۇلاقدۆڭ، چىمبۇلاق، تارىم، غۇداچى، بوستانتوقاي، سايباغ، كەڭساي، مۇز داۋان، توققۇز داۋان، قورامىلىق» قاتارلىق كۆپلىگەن يەر-جاي نامىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بىزنى خەلقىمىز ياشىغان يەر-جايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرى، تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن،

مېڭىپمۇ يېتەلمىدىم،
ئېقىپ تۇرغان تارىمغا.

كەڭساي دېگەننىڭ تاغلىرى،
جاڭگال دېگەننىڭ باغلىرى.
تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز ،
توققۇزداۋاننىڭ تاغلىرى.

چىمبۇلاقتا قار ياغدى،
ئوينىغلى بولمايدۇ

(6) چەرچەن سەنىمى ۋە تاغ ناخشىلىرى تېكستلىرىدە چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل مەدەنىيىتى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشىمىزدىكى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ناخشا تېكستلىرىدە قوللىنىلغان ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ناخشا تېكستىنىڭ ئوبرازلىقلىقى، سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، تىلىنىڭ گۈزەللىكى، ئاممىباپلىقىنى نامايان قىلغان. «ئادەم دېگەن ھۆل نېمە»، «پېشانىگە پۈتۈلگەننى كۆرمەك»، «تۆت، بەش كۈنلۈك ئالەم»، «يەر بىلەن يەكسان قىلماق» قاتارلىق ماقال - تەمسىل ۋە ئىدىيوملار ناخشىنىڭ پەلسەپىۋىلىك قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. «بىرەمە — كىيىم - كېچەك، يۈك - تاق، مال - بىسات؛ بولجا — كېسىۋېتىلگەن تېرەك كۆتىكىدىن چىققان نوتا؛ بۇرغۇي — بۇرغا؛ ھۇما — ئۆمۈر؛ چارى — ئامال - چارە؛ يالۋاسا — يالۋۇرسا؛ ئۈممەت — ئۈمىد» قاتارلىق يەرلىك شېۋىلەر ناخشىنىڭ يەرلىك پۇرىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. مەسىلەن،

مىڭبۇلاقتا بارغاندا،
قاتمۇقات داۋان ئاشتۇق،
بىر سە ئالتۇن تاپالماي،
شېرىن جاننى ئەپقاچتۇق.

قايسى چۆللەردە يۈرسەن،
مەڭزى قىزىل باغرى كاۋاپ.

سۈنى ئۇسسىماي تۇرۇپ،
چۆگۈن تولدى كۆز يېشىغا.

ئادەم دېگەن ھۆل نېمە،
ئۆلمەيدىكەن كۆيەككە.

پېشانەمگە ۋاي پۈتۈلگەننى،
تارتمىغۇچە چارى يوق.

(7) چەرچەن سەنىمى ۋە تاغ ناخشىلىرى «تاغ - داۋان، دۆڭ، دەريا - كۆل، بۇلاق، كېچە - كۈندۈز، يىل، ئاي، كۈن» قاتارلىق جۇغراپىيەلىك نامىلار «ئاسمان، يۇلتۇز، كېچە - كۈندۈز، كۈن چىقىش، كۈن پېتىش، ئالتا ئاي، ھوشۇر ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىسى، ئايغا ئون يەتتە» قاتارلىق ئاسترونومىيە ۋە كالېندارچىلىقتا ئائىت مول بىلىملەرنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەنمۇ تېخىمۇ

قىممەتلىكتۇر. مەسلەن،

كەچ بولسىمۇ كەل يارىم،
ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار.

چولپان يۇلتۇز كېچىدە،
يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقى.

بۇ داۋان ئېگىز داۋان،
تاشى بار، توپاسى يوق.

بۈگۈن ئايغا ئون يەتتە،
قوراملىققا خەت كەتتى.

(8) چەرچەن سەنىمى ۋە تاغ ناخشىلىرى تېكستلىرىدە چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەنئەتخۇمار مەنىۋى دۇنياسى ئوبرازلىق، ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ناخشا تېكستلىرىدە كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن دۇتار، راۋاب چېلىشقا، بولۇپمۇ راۋاپ چېلىشقا ئائىت تەپسىلاتلار خەلقىمىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا مەدەنىيىتى ۋە چالغۇ ئەسۋابلار مەدەنىيىتى جەھەتتىكى ئىجادىي تالانتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. «چەرچەن تاغ ناخشىلىرى» پەقەت ئاللىچى(ئەركىن) راۋاب بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. ئاللىچى راۋاب (تاغ راۋابى ياكى قويچى راۋابى) ئۈچ تال تارىدىن تۈزۈلگەن پەدىسىز چالغۇ بولۇپ، بىرىنچى، ئىككىنچى تارلار بېسىلىپ ئاھاڭ چىقىرىلىدۇ. ئاللىچى راۋاب تۈزۈلۈشى، چېلىش ئۇسۇلى، ئاھاڭ تۈسى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ كەلگەن ئەنئەنىۋى يەرلىك چالغۇ بولۇش سۈپىتى بىلەن قەشقەر راۋابى، ئىلى راۋابى، قۇمۇل راۋابى، دولان راۋابىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان، ئۇيغۇر چالغۇلىرى ئىچىدىكى قەدىمىي مۇزىكا ئەسۋابىدۇر. مەسلەن،

دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام
خىيالىمغا سەن كەلدىڭ.

تاغمۇ تاغ دۆڭنى ساناپ،
ئالدىم قولۇمغا بىر راۋاب.

راۋابىمنىڭ زارىدىن،
يۈرىكىمنى بىلدىڭمۇ.

راۋابىڭنى ئالساڭچۇ،
بىرىپ چۆللەردە چالساڭچۇ.

(9)چەرچەن سەنىمى ۋە تاغ ناخشىلىرى تېكستلىرىدە چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەبىئەت قارىشى، ھاياتلىق قارىشى، گۈزەللىك قارىشى، شۇنداقلا ياشلارنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە ئىنتىلىش، يارنى سېغىنىش پىراقلىرى، جۇدالىق ھەسرەتلىرى، مۇھەببەتتە ۋاپادارلىق، ساداقەتنى ئۇلۇغلاش، ۋاپاسىزلىق، ئۇجمە كۆڭۈللۈكنى ئەيىپلەشتەك مەنىۋى دۇنياسى ئوبرازلىق، ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ھايۋاناتلار ئوبرازى بىلەن ئىككى توپ دەرەخ ئوبرازى بىزنىڭ چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەبىئەت قارىشى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى بېيىتىدۇ. ناخشا تېكستلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئۆيدىكى ئەنبەر، باغدىكى گۈل پۇرىقى، ئىشىك ئالدى ۋە ھويلىدىكى سەگۇ، چىنار دەرىخى، ئايۋاندىكى قارلىغاچ، تاغدىكى قاما، قۇندۇز، قارا قۇشقاچ، تومۇچۇق، قاغا قاتارلىق ھايۋانات ـ قۇشلارنىڭ تەسۋىرىدىن ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئاجرالماس بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز، «ئاي يۈزلۈك، خۇمار كۆزلۈك، قاراقاش، ئۇلما قاش» قاتارلىق بەدەن گۈزەللىكى تەسۋىرىدىن، شۇنداقلا ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئۆزئارا خەت يېزىش، قولياغلىق بېرىش ئارقىلىق مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ئۇسۇلىدىن ياشلاردىكى ئىنسانىي گۈزەللىككە، مۇھەببەتكە ئىنتىلىش ھېسسىياتىنى چۈشىنەلەيمىز.

ئۆيگە كىرسەم ئەنبەرنىڭ،
باغقا كىرسەم گۈل پۇراق.

ئىشىك ئالدىڭ چىنادۇر،
ئات باغلىسام تۇرمايدۇ.

ئارقا تاغدا نېمە بار،
قاما بىلەن قۇندۇز بار.

قومۇشلۇقا قومۇشلۇق،
قومۇشلۇقتا تومۇچۇق.

ۋەدە بەرگەن شۇ يارنىڭ،
دەردى بار ۋاپاسى يوق.

يارىم بەرگەن قولياغلىق،
كات تۆپىسىدە قاتلاغلىق.

بۈگۈن ئايغا ئون يەتتە،
قوراملىققا خەت كەتتى.

(10)چەرچەن سەنىمى ۋە تاغ ناخشىلىرى تېكستلىرىدە چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇمار ئەقىدىسى، خاسىيەتلىك سان ئەقىدىسى، ئوڭ تەرەپنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى قاتارلىق مەنىۋى مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ناخشا تېكستلىرىدە تۇمار ئەقىدىسىگە مۇناسىۋەتلىك مىسرالار كۆپ. سانلاردىن سەككىز، سەكسەن ئالاھىدە ئورۇن ئالغان، يەنە بىر قىسىم دىنىي ئاتالغۇلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

مەسلەن:

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
بويۇنۇمدا تۇمارىم بار.

نەگە بارساڭ بارىمەن،
يولدا تۇمارىڭ بولىمەن.

سەكسەن قامچا ئۇرغان بىلەن
يارىم ئۆزەمنىڭ.

ئوڭ قولۇمدا ئوڭ قوشۇق،
سول قولۇمدا چەپ قوشۇق.

دېمەك، «چەرچەن سەنىمى» ۋە «چەرچەن تاغ ناخشىلىرى» قەدىمىلىك پۇرىقى، يەرلىك پۇرىقى ۋە مەدەنىيەت پۇرىقى كۈچلۈك قىممەتلىك سەنئەت مىراسى؛ ئەمگەكچان، ئىجادچان، سەنئەتخۇمار چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنىڭ جەۋھىرى، گۈللەنگەن مەدەنىي ھاياتىنىڭ مەھسۇلى؛ چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە قولغا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن بىباھا سەنئەت قامۇسى؛ چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئىجادىي ئىقتىدارى، مەدەنىي ھاياتى ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىشتىكى ئالتۇن ئاچقۇچ. بۇ ئالتۇن ئاچقۇچنى قەدىرلەش، شۇنداقلا كۆمۈلۈپ قالغان مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىش، ئۇنىڭدىكى سىر ـ ھېكمەتلەرنى قېزىپ چىقىش بۈگۈنكى ئەۋلادلارنىڭ ئەجدادلار ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچىمىز، كېيىنكى ئەۋلادلار ئالدىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز، ئەلۋەتتە.

(ئاپتور: چەرچەن ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@hotmail.com



# ياش شائىرلارغا دەيدىغىنىم

● بوغدا ئابدۇللا

مۇشۇ كۈنلەردە لىرىك شېئىرنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە تولا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. بۇنىڭغا تۈرتكە بولۇۋاتقان سەۋەب شۇكى، يېقىندىن بۇيان بىر قىسىم ياشلارنىڭ شېئىرلىرى، توپلاملىرى ئارقا - ئارقىدىن ھەرقايسى مەتبۇئاتلار تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى، نەشىردىن چىقتى. بەزىلەر بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى ماڭا ئېلىپ كەلدى، كۆردۈم. بۇ جەرياندا مۇشۇ جەھەتتە بىر نېمە دېيىش كېرەككەن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

لىرىك شېئىر دېگەن نېمە؟ بۇ ھەرقانداق شائىرغا خاس بولغان كەچۈرمىش، ئۇ قەتئىي تەكرارلانمايدۇ. بۇ ناھايىتى گۈزەل بىر ھېسسىيات ياكى ئاشۇنداق كەچۈرمىشتىن كېلىپ چىقىۋاتقان پاجىئەدىن ئىبارەت. لەرزان يېغىۋاتقان سىم - سىم يامغۇر، تىكەنلىك گۈل، ئەرشئەلادا چېقىۋاتقان چاقماق ۋە ئۇنىڭدىن تۆكۈلۈۋاتقان نۇر، سوزۇلۇپ ئېقىۋاتقان سىمابتەك سۈزۈك سۇ... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى لىرىك شېئىر ۋە ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى ھېسابلىنىدۇ.

لىرىكا يېزىۋاتىمەن دېگەن ئادەم ئۆزىنىڭ نېمىنى يېزىۋاتقىنىنى بىلىشى كېرەك. لىرىك شېئىر ئادەتتە ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ، بۇنىڭ بىرى تەبىئەت لىرىكىسى. ھازىر تەبىئەت ھەققىدىكى لىرىكىلار ئازىيىپ كەتتى، بۇ سەل قارالسا بولمايدىغان تەرەپ، چۈنكى مەۋجۇتلۇقىمىزنى تەبىئەت بەلگىلەپ بېرىۋاتىدۇ، بىزنىڭ ھاياتىمىز تەبىئەت بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. تەبىئەتنى سۆيۈش، كۈيلەش، مەدھىيەلەش شائىر بولغۇچىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. تەبىئەت بىزگە بېرىۋاتىدۇ، بىزمۇ تەبىئەتكە قايتۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك، بۇ مەدھىيەنى تەبىئەت بىلمىسە، ئاڭلىمىسا بولمايدۇ، بولمىسا تەبىئەت ئاچچىقلاپ قالىدۇ، تەبىئەتنىڭ ئاچچىقىنى توسۇغىلى بولمايدۇ.

يەنە بىرى ئىنتىم لىرىكا. ئىنتىم لىرىكىمۇ لىرىك شېئىرلار ئىچىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر مۇھىم تۈر. ئىنسان بولىدىكەن، ئىنساندا ھېسسىيات بولىدۇ. ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى، شۇنىڭدەك ھەر ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس ھېسسىيات، چۈشىنىش، تەسەۋۋۇر، كەچمىشلىرى، كۆز ياشلىرى... بولىدۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن ئىنتىم لىرىكا بارلىققا كەلگەن. ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ھەر ئىنسانغا خاس بولغان بىر كەچمىشلەر بولىدۇ.

جاھان شېئىرىيىتىدىن قارىغاندىمۇ شائىر بولغۇچى ھاياتىدا مۇھەببەت ھەققىدە قەلەم تەۋرەتمەي ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ. مۇشۇ كەمگىچە ياشاپ ئۆتكەن كۆپىنچە شائىر، سەنئەتكارلارنىڭ مۇھەببەت تۇرمۇشى ئەگرى - توقاي بولغان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بەزىدە شۇنداق گۈزەل ئۆتسە، بەزىدە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز روھىي ئازابلارغا مۇپتىلا بولغان، ھەتتا ئائىلىسى ۋە ھاياتى ۋەيران بولغان. شائىر - يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيىتىدە مۇشۇ مۇرەككەپ روھىي ھالەتلەر ناھايىتى تەبىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، رۇس شائىر پۇشكىننىڭ «گۈل» دېگەن شېئىرىدا شۇنداق مىسرالار بار:

قۇرۇغان، پۇراقسىز ئۇنتۇلغان بىر گۈل،
كىتابنى ئاچتىم - دە كۆرۈپ قالدىم مەن.
غەلىتە خىيالغا چۆمۈلدى كۆڭۈل،
پەرىشان تەلمۈرۈپ تۇرۇپ قالدىم مەن.

يۇقىرىقى مىسرادا ئېيتىلغىنى بەلكىم شائىرنىڭ ياكى باشقا بىرەر ياشنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن شائىر بۇ خىل تۇيغۇنى تىپىكلىككە كۆتۈرگەن. بىزدە يېزىلىۋاتقان لىرىك ناخشىلار ياكى شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى دەماللىققا ئەكس ئېتىۋاتقان ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە تىرىشقان، ئەمما بۇنىڭدا تىپىكلىك كەمچىل. مۇشۇ ۋەقە، دېتال تىپىكلىك



دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەندىلا ئاندىن باشقىلارغا تەسىر قىلالايدۇ. مېنىڭ ياش شائىرلاردىن كۈتىدىغىنىم: ئىنتىم لىرىكا — مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى يېزىش لازىم، ئەمما گەپ ۋەقەنىڭ تېپىكلىك دەرىجىسى قانچىلىك، قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش كېرەك. يەنە بىرى، ئىنتىم لىرىكا پۈتۈنلەي چۈشكۈنلۈك بىلەن تولغان بولسىمۇ بولمايدۇ. يالغۇز شەخسىي ھېسسىيات ۋە رېئاللىقلا كۈيلەنسە لىرىكا ۋايىغا يەتمەيدۇ، شۇڭا شېئىرىيەتتە رومانتىكلىقمۇ بولۇش كېرەك، رومانتىكلىق ئۈمىدۋارلىقنى مەيدانغا كەلتۈرەلەيدۇ. شېئىرلاردا چوقۇم مەلۇم مەنتىقە بولۇشى كېرەك، مەسىلەن: بەزى شائىرەلەرنىڭ شېئىرلىرىدا «شەھلا كۆزۈك»، «جانانىم» دېگەندەك سۆزلەر تولا ئۇچرايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۈيلەۋاتقىنى يىگىت — ئەر كىشى، شۇڭا سۆزلەرنىڭ جىنس پەرقىنى ئايرىش، ئۇقۇم مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم ھەم شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىبارىلەرنى قوللىنىش كېرەك.

يەنە بىرى ئاشۇ ھېسسىيات، ئاشۇ تېمىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان تىل مەسىلىسىنى ئويلىشىش لازىم. ھازىر بىزنىڭكىلەر شېئىر يېزىشنىڭ قېلىپ، قائىدىلىرىنى بىلىدى. ئەمما ھېچكىم ئۆزىنىڭ خاس تىلىنى يارىتىش مەسىلىسىنى ئويلاپ قويمايۋاتىدۇ، بۇ مەسىلە ھەل بولمىسا شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت مەسىلىسى ئۈزۈل - كېسىل ھەل بولمايدۇ. خەلق قوشاقلىرى پەقەت تىلى بىلەنلا ئەبەدىي بولالىغان، ئۇلار ناھايىتى جانلىق، ناھايىتى سەزگۈر، باي. بولسا سۆز ئىشلىتىشتە ھە دېسىلا كىتابىي سۆزلەرگە ئېسىلىۋالماسلىق، ياشلارنىڭ ئۆز تىلىدىنمۇ قۇتۇلۇش، خەلق تىلىغا يېقىنلىشىش، خەلق تىلىنى ئىشلىتىش، بۇ ئۆمۈرلۈك ماھارەت مەسىلىسىدۇر.

ياخشى تېمىنى يۇقىرى سەۋىيەدە يورۇتۇپ بېرەلەيدىغىنىنىڭ بىرى ھېسسىيات، يەنە بىرى تىل. ھازىر لىرىك شېئىرلاردا كۆپرەك ئۇچراۋاتقان يەنە بىر مەسىلە ھېسسىياتنى تۇتۇۋالالماسلىق. يەنى ئەينى چاغدىكى ھېسسىياتنى قاچۇرۇپ قويۇپ، كېيىن زورلانما ھالەتتە تۇيغۇنى خاتىرىلەش، بۇنداق شېئىرلار ئەمەلىيەتتە جانسىز بىر نېمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە ئۆزى بىر مەجبۇرىيەتنى يۈكلىۋېلىشتىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدىن باشقا لىرىك شېئىر يالغۇز جۇدالىق، ئايرىلىش، ۋىسال، ئازابىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسى ئەمەس. لىرىك شېئىرلاردا تارىخ، پەلسەپە، تۇرمۇش، ھەجۋىيلىك... بولىدۇ. ھازىر بۇ تەرەپلەر نەزەردىن ساقىت بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، كۆپىنچە بىر دەملىكلا ھېسسىيات ئەكس ئەتتۈرۈلۈۋاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋال شېئىرلاردىلا ئەمەس، ناخشا ۋە ناخشا تېكىستلىرىدىمۇ تولا ئۇچرايدىغان ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالدى، بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس.

لىرىك شېئىرلارنىڭ مەڭگۈلۈك تەرىپى بولىدۇ. بۇ ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدىكى دېتال ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقان شائىرنىڭ ھېسسىياتى ۋە تىل دۇردانىلىرىدىن ئىبارەت. مەسىلەن نەۋايىنىڭ «ئانىڭكىم مەڭزىدە مەڭ ياراتتى، ساچى بىرلە بوينى تەڭ ياراتتى» دەيدىغان ناھايىتى گۈزەل بىر بېيتى بار. بىزدە لىرىك شېئىرلارنىڭ ناھايىتى ياخشى ئۈلگىلىرى بار، يەنە ناھايىتى ياخشى يېزىلغان غەزەللەر، بېيت، رۇبائىيلار... بار، ئۇلارنى ئوقۇش كېرەك، ئۇلاردىن ئۈلگە ئېلىش كېرەك. تار ھېسسىيات، تار دۇنيا قاراش بىلەن لىرىك شېئىرنى ۋايىغا يەتكۈزگىلى بولمايدۇ. مەيلى شائىرە ياكى شائىرلار بولسۇن مەلۇم تېمىنى يورۇتۇۋاتقاندا يۈكسەك ئورۇندا تۇرۇپ ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشى لازىم.

ئاخىردا يەنە شۇنى قايتا تەكىتلىگۈم كېلىۋاتىدۇ، خەلق تىلىنى قوللىنىشنى چوقۇم سىناپ بېقىش كېرەك. شېئىرنىڭ ھەجىم مەسىلىسى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى قانداق ئىپادىلەش، قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسى. قەدىمدە كىلاسسىك شائىرلار ئىچىدە مەلۇم بىر سۆزنى جايىغا چۈشۈرەلمەي نەچچە تال ساقىلىنى يۇلۇۋەتكەن شائىرلارمۇ بولغانىكەن. بىز بۇ مەسىلىگە ئۇلاردەك ئىنچىكە، ئەستايىدىل قارىيالمايۋاتىمىز.

ئەلۋەتتە، شېئىردا زامانىۋىلىقمۇ بولۇشى كېرەك، ئەمما زامانىۋىلىققىلا ئېسىلىۋالغان بىلەن بولمايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى زامانىۋىلىقتىن ھالقىغان ئەبەدىيلىكمۇ بولۇشى كېرەك، شائىر شۇندىلا لىرىك تېمىلارنى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. زامان ھالقىيالمىغان شائىر مەغلۇبىيەتچى شائىردۇر، شائىرلار ئۆز تىلىنى يارىتالىغاندىلا ئاندىن دەۋرنىڭ، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدۇ.

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۈلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@hotmail.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قىز، بۇغا، رىۋايەت

بۇغدا ئابدۇللا

## قىز، بۇغا، رىۋايەت

1

كۆن بىر چىقىپ، بىر يوقاپ،
جاندارلار سەردارى
ساپ ھاۋا، جىملىقنى خالايدۇ ھەرئان،
تۇياقلىرىدىن سۇبھى بالقىغان،
تۆمۈر، قويۇچتىن ئۇستىخان،
ئەركى ئۇندەپ، كەزمىشتۇر ھەريان
يارالمىش تېرىسى ماھۇقتەك يۇمران،
نە كار قىلغاي سوغۇق، زىمىستان.
تىرەپ تۇرغىنى ئىلاھىي ئاسمان.

2

توققۇزقات ئاسمان
ساماۋى تامچە
يامغۇر قارنى ئېرىتىپ،
قار سۇغا ئايلىنىپ،
ئەقىل يەتمەس ئاناسىر بۇ ئىشقىلىپ،
چايقىلىپ ئوكيان
گۈركىرەپ، ھۆركىرەپ، شاۋقۇن نەرىسى،
ئاندىن تۇغما، يوقتۇر قەبرىسى.

3

بەلكى تەڭرىنىڭ ئىس — تۈتەكلىرى،
گۈلدۈرمامىنىڭ گۈلدۈرلەشلىرى،
چاقماقلاردا غەلىيان،
ئۆچقۇن بىر ئەزەلىيەت
قورام تاشلارغا بېكىنىپ دەسلەپ،
ملڭ تولغىنىپ، مىڭبىر يۇلقۇنۇپ
قاراستاننى بىر يورتتاي دەپ.

4

كىندىك قانلار تۆكۈلگەن تۇپراق،
يۇقمايدىكەن سۆڭەككە سۆڭەك.
ئادەم ئاتا ۋە ئاندىن ھەۋۋا
سۇنماس قوۋرۇغىلار ساۋۇتتۇر بەك، بەك.

5

خىزىرنىم موما
ئۇچمىش ھاۋادا قاناتلىق.
مەھرۇمىيەت، ئەندىكەر بىر قىز
بىر قوۋۇز سۇ ئىچىپ بۇلاقتىن
بۇغا بولۇپ قالمىش تۇياقلىق.

6

كېچە ئۆتەر، رىۋايەت ئاقار،
ئاسماندا ئۇچۇپ ئۆتەر بۇغا چانىسى.
تۇپراقلار، قارىغايلار، كۆللەر
پەسىل، سۈت ئۇيقىدا ھەممىسى.
شامدانلار شاملىرى سايىسى غىل — پال،
بۇغا ئاتەشلىرى ئۆزگە تالىق.
ھاڭلار، قىيالار، قورام تاشلىقلار،
تۇياق ئۇچقۇنلىرى روھ ۋە ھاياتلىق.

7

مەستانە — مەست جىن — شاياتۇنلار،
ھەر ئۆكتەم، بىشەمدە كالا مۆڭگۈزى.
نۇقتا سىلىپ، ئىگەرلەپ، شەپەرەڭ مىنىپ،
«يالت» ئېتەر پېشانىدە بىر كۆزى.

8

بىر مەسۇم قىز
جان سىقىلىپ، غۇسسە، ئەلەمدە،
ئەرزىگە يېتەرگە يىغلىبان زار — زار،
خۇلاسە، نالە ئىجابەت ئاخىر
قۇندۇز لىباسىدا بولمىشتۇر جاندار.
بازار دەيمىشكەن پۈلنى بىر ئىلاھ،
قاراڭغۇدا بىر قول، چىرقىرار جار — جار.

9

دەشت — باياۋان، غېرىبان قەبرە،
بىر بۇغا بوتىدەك بوزلايدۇ ئۇزۇن.
بورانمۇ، سادامۇ، پەريادمىدۇ ئۇ،
قەبرىدىن ئاۋاز كەلمەس بۇرۇندىن — بۇرۇن.
موميا ئەمەسكى لەھەتتە ياتقان،
كۆز يۇمغان بىر ئانا مۇشكۈل تۇغۇتتا.
«ئىگە» دەپ داق يەرگە چۆشكەنمىش بوۋاق.
ئاي، كۆن تولغان قەرەل — منۇتتا.
يىغلاپ ئاۋازى گاھ چىقىپ — چىقماي
قەبرە يورۇقنى بۆسكەن گۆر ئوغلى.
تۆكلۈك ئىمىش پۇتۇن بەدىنى،
پۇت قىلىپ ئۆمىلىتەر ئىككى قولنى،
ئەللەر «تۇن بالىسى» ئاتايدۇ ئۇنى.
ھەر نە كۆرسە ئۈركۈپ، ياتسىرار،
ئاتا يوق، ئانا يوق، پاناھ يوق تىغ جان.
نە بارار، نە تۇرار، نە بىر خانۇمان،
كاج پېشانە، نە ئادالەت، شۇمۇ شۇ جاھان.
قويچىلار كۆرۈنسە تۇندە تەلپەكلىك
يوغىرمىش بىر پارچە ئوتقا ئايلىنىپ.
ئۆز ئاغزىدىن سۆز ئاڭلىسام، دەپ
ئىستەر ئانا ھىدىنى بىر ۋاقتا كېلىپ.

10

خىزىرنىم موما ① چۈش كۆرۈپتۇدەك:
يەر شارى ئىمىش تۈگمەن تېشىدەك،
يۇرەك، باغرىنى يېقىپ قۇچاقلاپتۇدەك.
يەر ئايلانغۇدەك،
ئۇمۇ تەڭ چۆرۈلگۈدەك.

11

بىر مۇنەججىم دەپتۇدەكمىش:
تاشقىن ئالەمگە كۆچەر ئادەمزات
ۋاقتانە — ۋاق، ملڭ يىلدا بەلكىم.
ئەلمساق
باشتىن باشلانغان، قايتۇرماس قەلب،
يەر ئانا — مۇيەسسەرىيەت،
ۋاز كەچمەس ھېچكىم!

---

ئىزاھ:
① خىزىرنىم موما — لوپنۇر رىۋايەتلىرىدىكى ئىلاھىي ئوبراز.

## دوناي دەرياسى

بىر يىراقتا
ئاھۇ كۆزلۈك بۇلاق — بۇلاقتا
مەرۋايىت كۆپۈكچە ھەر بۇلدۇقلىسا
تارام — تارام ئېقىن، شاخاپچىلار
تاڭ سۈزۈلگەندە ھەر سۇبھى سادىقتا
ئۆرە بولۇپ، ھاۋانى ئۆرۈپ قاناتتا
چۆشەر سۇ ئېتىرىپ پەنجىدە ئاققۇ
«شار» قىلىپ بىر شاۋقۇن چىقىرىپ ھەتتا.

دەريا ئاشىق، مەشۇقدۇر ئاققۇ
دولقۇن قات ـ قاتتا،
ساھىللار ئەنبىرىن گۈل، شۇ ئاققانچە تا
كەلسە گەر ۋاقتى شام يېقىنلاپ ئاستا
سەرۋەر ئاققۇ ئاۋازى، بىشارەتتۇر بۇ
قارىشار جەمەتى بويىۇن سوزۇپ، بىلىپ
ئۇچار قانات قېقىپ. سۇ دەسسەپ، يۈگۈرۈپ،
تۇرنىدىن قېلىشماس.
بىر قۇر تۈز، بىرى يانچە سەپ رەتلىك، كاتتا.
دەريالار كىندىكى
نە كەمدە كېسىلگەندۇ، ئادەم ئاتا؟
پەلەكتىن كەلمىش ھازىر جاۋاب:
شۇنىمۇ سورىغان بارمۇ، نادان، ئەلمىساقتا!

## سۇلارغا ئەگىشىپ

سۇلارغا ئەگىشىپ ئېقىپ بارىمەن،
سۇلار بىر ئاسمان، ئاسمان ھەمدە سۇ.
سۇلار نەدىن كېلىدۇ دېسەم
خۇدايىمدىن دېدىلەر ئاھۇ.
تاشلارغا ئۇرۇلسا بۇژغۇنلار ئاپپاق
مەرۋايىت دەيسەنۇ ۋە ياكى مارجان،
ئۇ ھاياتلىقنىڭ تۇنجى ئىزناسى
نېكەمدىن نېكەمگە ھېچ توختىمىغان.
سۇدا يوق چىشى جىنسىدىن ئەسەر،
دولقۇنلار ئارا مەردان ئەركەكلىك.
ئۇنىڭدا يوق دېمە كۈچ ۋە شىجائەت،
ئالىقىنىغا باق، شۇنچە بەرىكەتلىك.
ئۇ ئىنسانىيەت تەلىيى، بەختى،
ئۈستىگە قۇرۇلمىش شاھىنشاھ تەختى.
سەلتەنەت دېگەنمۇ ئەسلى بىر قامغاق،
لېكىن تۈگىمەس ئىكەن سۇلارنىڭ ۋاقتى.
سۇلار تومۇرىدا ئاقار ھاياتلىق
سۇ يىلتىزى قۇرۇماسكەن ھېچ
ئۇ ئۆزىگە قالدۇرار نېمە
بىر تېمىم ياق... ياق ھېچ نەرسە، ھېچ... ھېچ...

## يوللار جىم، جىم...

بۇ يالغۇز ئاياغ يولى جىم، جىم،
ئۆتمەيدۇ دېمە ناگاندا بىر كىم،
ھېچكىمگە تاقاشماس ھېچكىم،
جىرادا كۈندە ئوخشىماس ئېقىن،
تاغدىن چۈشەر سۇ كۆپۈكلەپ، بۇژغۇن
ئېرىق ئۈستىدە بىر ياغاچ كۆۋرۈك،
كېچە سۇ تاشقان يەردە
مۇز قېتىپ قاپتۇ ئارا ـ سىرا
قارىغايلار غوللىرى مەخمەلدەك مۇخلار.
قاچانلاردا سۇندىكىن دەرەخ، شاخ، جىرىم،
پەسىل قانىتىدا ئاقاركەن ۋاقىت،
نەدە ئۇچرىماس زات بار بىجىرىم...

## كۆنچى دەرياسى

ــ كۆنچى دەريا كۆۋرۈكى ئۈستىدە تۇرۇپ

ئېقىپ كەلدىڭ نە ۋاقتىن بېرى،
بىلگىنىم يوق مەنزىل قاياندۇر.
بۇ جاھاندا نېمەتۇ ئىقبال،
ھەر كىمنىڭ كۆڭلىدە سىرۇ ئاياندۇر.
يولۇڭ بولسۇن تىلىكىم، ئاشۇ
ئەۋلاد ئۇچۇن تامچەڭ زەم ـ زەمدۇر.
تاغدا قار ـ مۇز، ئاھ يامغۇر سۈيى،
ئاتەش يۈرەكلەرگە شىپاھ ــ مەلھەمدۇر.
ياز شاملى، دەريا شاملى،
ھارغان شائىرغا ئىپارۇ ئەنبەر،
ھېچكىم توسمىسۇن سەلكىن يولىنى،
ئۇچسۇن دەريا بولۇبان ئەختەر.

## ھېيتگاھدا سەلكىن

كەچ چۈشۈپ قالمىش.
ئۇ كىمكىن،
بۇ كىمكىن،
تونۇش ۋە ناتونۇش ئادەملەر،
ھېيتگاھنى ئايلىنار،
ھېيتگاھدا سەلكىن،
يۈرتنىڭ خۇۋلۇقى دېگەن شۇمىكىن؟

## ئالپ تاغلىرى

ئۇ تاغلارنى
ئاشۇ تەرەپتە «ئالپەن» دەيدىكەن،
ئايدىن قارىسا كۆرىنەر ئىمىش.
تاغ، ئىدىر جىگەررەڭ، زىغىررەڭ،
مەنزىل بويى نە بىرەر تىۋىش.
توسسا شەپەقنى بۇلۇتلار بىر ئان
پەلەككە ئۇزىتار چوققىنى تۇمان.
چاقماقتەك يالت ـ يۇلت شارقىراتمىلىرى،
خوپ ياراشۇر قارىغايلىرى، چاتقاللىرى،
كەچ بولسا گىرىمسەن بۇ يوللىرى،
داۋانلار داۋىغانچە ئوخشار گاھى،
نە كېچە ھالىڭ سېنىڭ تاغ ئىلاھى.

## باياۋان كېچىسى

كېچە قانىتىدا بىر قاراڭغۇلۇق،
بىلمىگەن يولدا بۇ نە ئازغۇلۇق.
سەھەر ئۇيقۇسى ئۇيقىدە شېرىن،
مەنزىلنى دەپ كەلدۇق، يېتىپ بارغۇلۇق.
يول سوراي دېسەڭ نەدە بىر كىشى،
گۈپۈلدەپ تۇرىدۇ دەشتىنىڭ ھاۋاسى.
ياز باراقسان، ھەممە يان جىمجىت،
نە بىر ئۆي، نە چىراق ۋە يا ئادەمزات،
قەدىمدىن تا ھازىر نە يول بەلگىسى.
مەززە قىپ بەئەينى چاي سۇمۇرگەندەك،
غەنىمەت، مۇشۇنداق ئالايلى نەپەس.
يۈرەك تومۇرلىرى بۇئان راھەتتە،
كىم بىر شاھزادە ھۇزۇرى دېمەس.

## كىچىك مەلىكە

بەش ياشلىق بىر قىز،
تاشلاپ كەتمىش ئۇنى ئانىسى.
تېخىچىلا چىقماپتۇ تىلى،
تۆرەلگەنگە ۋاي، ئاغرىغان دىلى.
كۆزلىرى مۇڭلۇق،
قوم بارخانلاردا سىيرىلىپ ئوينار،
يالىڭاياغ، پۇتىغا كىرسىمۇ تىكەن
ۋايسىغىنى يوق، مۇلايىم.
شۇ بىر پارچە قۇملۇق،
بولىدۇ يېقىلغىلى، دومىلىغىلى، تۇرغىلى...
قۇملارنىڭ ئالىقىنىغا بېشىنى قويۇپ
كۆردى پەقەت ئانا، ياخشىلىغىلى...

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@hotmail.com

www.uyghurkitap.com



# شائىرلىرىمىزنىڭ چاقچاقلىرى



◉ مۇھەممەد شاۋۇدۇن

نەچچە يىل ئىلگىرى «قەدىمكى شائىرلارنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقلىرى» («مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىل 1 ـ سانىغا قاراڭ) دەپ بىر ماقالە يېزىپ، ئابدۇراخمان جامى ۋە نەۋايى قاتارلىق شائىرلارنىڭ بىر قىسىم لەتىپە ـ چاقچاقلىرىنى تونۇشتۇرغانىدىم. بۇ لەتىپە ـ چاقچاق ھەققىدىكى مەلۇماتلارنىڭ تولىسى «تارىخى رەشىدى»دىن ئېلىنغان. «تارىخى رەشىدى»دە ئابدۇراخمان جامى(1414 ـ 1492)نىڭ لەتىپە ـ چاقچاقتا ماھىرلىقى تەرىپلىنىپ مۇنداق دېيىلگەنىكەن: «ھەزرىتى مەۋلانە جامى بەك كەم سۆز ئىدى. ئەگەر بەزى ـ بەزىدە سۆزلەپ قالسا، سۆزلىرىنىڭ تولىسى لەتىپە ـ چاقچاق ئىدى.»(«تارىخى رەشىدى»1 ـ توم 411 ـ بەت) ئەلىشىر نەۋايىمۇ خۇش چاقچاق، لەتىپە ـ چاقچاققا ئامراق زات بولۇپ، زاماندىشى شائىر بىنايى بىلەن كۆپ چاقچاقلاشقان ئىكەن، ئەلىشىر نەۋايى يەنە لەتىپە ـ چاقچاق ھەققىدە بىرمۇنچە ھېكمەتلەرنى قالدۇرغانىكەن. ئۇ زات لەتىپە ـ چاقچاقنىڭ جايىدا، ئاقىلانە بولۇشىنى تەكىتلىگەن، ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «چاقچاق جايىدا بولسا، لەززەت ۋە شادلىق كەلتۈرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا يامان سۆز بولمىغاچقا كىشىگە ئازار يەتمەيدۇ.» («مەھبۇبۇل ـ قۇلۇپ»تىن) ئەلىشىر نەۋايى كىشىنىڭ زىتىغا تېگىپ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان يامان، قوپال، سەت چاقچاق قىلىدىغان كىشىلەرنى ياقتۇرمايلا قالماي ئۇلارغا لەنەت ئوقۇپ قاتتىق سۆككەن. ئۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق ھېكمەتلىك بايانلىرى بار. «يامان ۋە پەس ھەزىلچى كىشىلەرنى كۈلدۈرىمەن دەپ تاپىنىنى قىچىقلايدۇ. پاسقىلا گۇرۇھىدىكى بىر دورامچىنىڭ خەقنى كۈلدۈرىمەن دەپ قىلغان ئىشلىرى سەت پاھىشە خوتۇننىڭ ئەينەك ئالدىدىكى كۆرۈنۈشىگە ئوخشاشتۇر. ھەزىل بىلەن شۇغۇللىنىش بىراۋنىڭ ئەيىپىنى ئېچىشتۇر. بەزىلەر ئۇنىڭدىن كۈلسە، ياخشىلار ئۇنىڭدىن ئارلىنىدۇ.» («مەھبۇبۇل ـ قۇلۇپ»تىن) «ھەزىل باشلىنىش بىلەن بىھۆرمەتلىك ئارتار، ھەزىلنىڭ ئاخىرى جېدەلگە تارتار. كۆپ چاقچاق ھايا پەردىسىنى چاك ئېتەر. ئەدەپلىك ۋە ھۆرمەتلىك كىشىلەر تازىم ۋە ئەدەپنىڭ بىناسىنى يىقتىما. ھايا ۋە ھۆرمەتنىڭ خىلۋىتىدىن تاشقىرى، چىقما.» («مەھبۇبۇل ـ قۇلۇپ»تىن) ئەلىشىر نەۋايى دانالىق بىلەن ھەزىل ـ چاقچاقلاردىكى ئەيىپ ـ نۇقسانلارنى دەل جايىدا كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشقا چاقىرىش بىلەن بىللە ھەزىل ـ چاقچاقنىڭ شەرمى ـ ھايا، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئەدەپلىك، كۆڭۈللۈك، ياخشى مەنىلىك، ئاقىلانە بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. دانىشمەن ئەلىشىر نەۋايى «ھايا بىلەن ئەدەپ ئىماننىڭ بەلگىسى، ھۆرمەت بىلەن تازىم ئۇلۇغلۇقنىڭ سەۋەبچىسى» («مەھبۇبۇل ـ قۇلۇپ»تىن) دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بۇ قارىشى ھەزىل ـ چاقچاق توغرىسىدىكى تەلىپى، باھاسىدا ئەكس ئېتىپ، نەۋايىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى ۋە يۈكسەك تەلەپچانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

مېنىڭ ئۆزە بولسىمۇ بايقىشىمچە، ئۇ زاماندىكى شائىرلارنىڭ ھەزىل ـ چاقچاقلىرىدا ھەزىل يەنى مەسخىرە، گەپتە سۇندۇرۇش، مازاق قىلىش، باشقىچە ئېيتقاندا، ھەزىل قىلغۇچىنىڭ گېپىگە ھازىر جاۋابلىق بىلەن دەل جايىدا جاۋاب بېرىش، ئېغىزىنى تۇۋاقلاش، ئەدىپىنى بېرىش، تويغۇزۇپ قويۇش مەنىسىدىكى ئالامەتلەر گەۋدىلىكرەك ئىكەن. مەسىلەن: ئۆزىنى شائىر دەپ ئاتىۋالغان بىر ئابرۇيپەرەس جامىغا ئۆز شېئىرىنى ئوقۇپ بېرىپ:

— نامىمنى چىقىرىش ئۈچۈن مۇشۇ شېئىرىمنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ قۇياي دەيمەن، — دەپ سورىغاندا، جامى:

— بەك ياخشى بولۇپتۇ، بۇ شېئىرنىڭ يېنىغا ئۆزۈڭنىمۇ

ئېسىپ قويغىن. بولمىسا، كىشىلەر بۇ شېئىرنى سېنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالمىسۇن، — دەپتۇ.

يەنە بىر مىسال: بىر بېخىل جامىغا چاقچاق قىلىپ:

— ئۈچ تەڭگە پۇلۇم بار، قانداق قىلىپ شۇ پۇلغا بىرنېمە ئېلىپ تويغىچە يېسەم، قالغىنىنى ئۈچ تەڭگىگە سېتىپ پۇلۇمنى تىرىلدۈرەلەيمەن، — دېگەنىكەن، جامى ئۇنىڭغا:

— قۇشخانىغا بارساڭ ئۈچ تەڭگىگە بىر قېرىن بېرىدۇ. ئىچىدىكىنى يەپ، قالغىنىنى ئۈچ تەڭگىگە ساتساڭ دېگىنىڭدەك بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

يەنە بىر مىسال: بىر چاكىنا شائىر جامىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— مەككىگە بارغانىدىم. تەۋەررۇك بولسۇن دەپ شېئىرلىرىم دىۋانىنى ھەجرۇلئەسۋەد (مۇقەددەس قاراقاش) كە سۈركىۋالدىم، — دەپتۇ.

— ھەي ئىست، ناھايىتى يامان قىلىپسەن. ئەسلىدە زەمزەم سۈيىگە چىلاپ يۇيۇپ كەلگەن بولساڭ ياخشىراق بولار ئىكەن، — دەپتۇ جامىي.

يۇقىرىقى ھەزىل - چاقچاقلارنىڭ ھەممىسىدە مەسخىرە - مازاق قىلىش، چۆكۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. ھەزىلكەش، چاقچاقچىلار مۇنداق ھەزىل - چاقچاقلاردا دەل جايىدا مەسخىرە - مازاق قىلىشقا تايىنىپ كۈلكە پەيدا قىلغان. كۈلكە پەيدا قىلىش ئۈنۈمى ئوخشاش بولسىمۇ، ئىپادىلەش شەكلى، ئۇسۇلى ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۈگۈنكى زاماندا ئۆتكەن شائىرلىرىمىزنىڭ لەتىپە - چاقچاقلىرىغا كەلسەك، ئەھۋال ئۆزگىچە. ئۇلار ھەزىل - مەسخىرىدىن خالىي، لەتىپە ئارىلاشتۇرۇلمىغان يۇمۇرلۇق، مەنىسى كۈچلۈك خاس چاقچاقلار. شۇڭا ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىنى خاس يۇمۇر دېيىش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىنىڭ ھازىرجاۋابلىق، كۈلدۈرۈشتىن باشقا ئۆزىگە خاس تۈپ ئالاھىدىكى شۇكى، كىشىنىڭ زىتىغا تېگىپ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان، سورۇندا كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، نەشتىرىنى سانجىپ شەخسىي قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋالىدىغان، دوست - ئىناقلىقتا، سورۇننىڭ كۆڭۈللۈك كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ سوغۇق سۇ سېپىدىغان قوپاللىق، شەخسىي غەرەز، بولمىغۇر مۇددىئادىن خالىي، ساغلام، دەل، چوڭقۇر مەنىلىك، يىغىپ ئېيتقاندا، كۆڭۈلگە لەززەت، خۇشاللىق بېغىشلايدىغان بەدىئىي ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك. بىزنىڭ شائىر چاقچاقچىلىرىمىز تولىمۇ رومانتىك، تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە شائىرانە تەپەككۇرغا باي، يۇمۇرلۇق تۇيغۇ - ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئىنكاسى تېز، كۈتۈلمىگەن كۈلكە پەيدا قىلىپ، خۇشاللىق ۋە ئېستېتىك لەززەت بېغىشلايدىغان قىزىقچىلار، كۈلكە - شادلىق ئەلچىلىرى، ماھىر چاقچاقچىلار. بۇمۇ ئۇلاردىكى بىرخىل ئالاھىدە ماھارەت. بۇ ئالاھىدە ماھارەت ئۇ شائىرلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى، تەپەككۇر چېچەنلىكى، خۇش چاقچاق، يۇمۇرلۇق تۇيغۇ - ھېسسىياتقا باي خۇش تەبىئىتى، مىللىي تۇرمۇش مۇھىتى، خۇشخۇي، ئوچۇق - يورۇق، ئۈمىدۋار، شوخ - ئەركىن مىجەز - خۇلقى قاتارلىقلار بىلەن قان بىلەن گۆشتەك زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار ئاشۇ ئېسىل چاقچاقلىرى بىلەن ھېلىغىچە سورۇن - سورۇنلاردا، ھەرخىل سوقا - سۆھبەتلەردە، ھەرخىل تېمىدىكى پاراڭلاردا، لەتىپە - چاقچاقتىن ئايرىلمايدىغان تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە دەقىقىلىرىدە كۈلكىمىز، شادلىقىمىزغا ھەمراھ بولۇپ، بىز بىلەن بىللە ياشاپ كەلمەكتە.

چاقچاقتا ماھىرلىقى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەسىرىنىڭ چوڭقۇر، كەڭلىكى بىلەن تېيىپجان ئېلىيېف ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. پېشقەدەم رەھبىرىمىز، تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ قەدىناس دوستى، خېلى كۆپ تەسىرلىك ئەسەرلەر، بولۇپمۇ 90 - يىللاردا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان ناھايىتى ياخشى ئەسلىمىلەرنى يازغان توختى سابىر «ئۇ بارلىكى جايدا كۈلكە ياڭرايتتى» («تارىم» ژۇرنىلى 1999 - يىل 7 - سان) دېگەن ئەسلىمىسىدە ئېيتقاندەك «تېيىپجان ئېلىيېف يېتۈك شائىر بولۇپلا قالماستىن يۇمۇرچىلىق ساھەسىدىمۇ كەم ئۇچرايدىغان ماھىر سەنئەتكار ئىدى.»

توختى سابىر تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ شائىرانە ماھارەت، يۇمۇر سەنئەتكارىغا خاس تالانت مۇجەسسەملەنگەن يۇمۇر ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئىنتايىن گۈزەل تىلى ۋە يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە باي كۆپلىگەن ئېسىل كۈلكىلىك يۇمۇر - لەتىپىلەرنى ياراتقان ئىدى. ئۇنىڭ يۇمۇرلىرى كۈلكە يوق يەرلەردە كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ، شادلىق، ھۇزۇر بېغىشلاپ زوقلاندۇراتتى. يۇمۇرلىرىغا قوپال، كىشىلەرنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان ئىبارىلەرنى ھەرگىز يېقىن يۇلاتمايتتى. ئۇنىڭدىن يېڭىلگۈچى تەرەپ قىلچە بېسىم، قوپاللىق ھېس قىلمايتتى. ئەكسىچە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كۈلۈپ يايراپ كېتەتتى.»

# تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ چاقچاقلىرى

(1)

## تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ۋارىسجانغا قىلغان چاقچاقلىرى

1) تېيىپجان ئېلىيېف سىنجاڭ نېفت ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى، پېشقەدەم نېفت جەڭچىسى ۋارىسجان تۇردى بىلەن 1963 - يىلى مەركىزى پارتىيە مەكتىپىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداش، قەدىناس دوست ئىدى. توختى سابىر تېيىپجان ئېلىيېف بىلەن ۋارىسجاننىڭ يېقىن مۇناسىۋىتى ھەم تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ چاقچاقلىرى توغرۇلۇق ئېيتقاندەك «ئۇنىڭ ھاياتىدا مەرھۇم ۋارىسجان بىلەن قىلىشقان چاقچاقلىرى كۆپرەك ئىدى. بۇ شېئىر، قوشاقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزىلىرىنىڭ مەزمۇنى كۆپ قاتلاملىق بولۇپ، ماختاش ئارقىلىق ھەجۋىي قىلىش، مەسخىرە ئارقىلىق ماختاش ئۇلارنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

شۇڭا ۋارىسجان دائىم كىشىلەرگە «مېنىڭ ئىككى ‹شېرىن دۈشمىنىم› بار. ئۇنىڭ بىرسى تېيىپجان» دېگەن. توختى سابىرنىڭ دېيىشىچە، «ۋارىسجان پۈتۈن بەدىنىدىن ھەركۈنى چاقچاق قىلىشقا تېما تېپىپ تۇرىدىغان خۇش چاقچاق ئادەم بولۇپ، چاقچاقتا ئۇنداق ئاسان خورايدىغانلاردىن ئەمەس» ئىكەنتۇق.

ۋارىسجان تۇردى تېيىپجان ئېلىيېفلار بىلەن 1963 - يىلى مەركىزى پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقانىدا شىنجاڭ سىنىپىنىڭ ئالدىدا بىر ۋەيرانە بوتخانا ئورنى بار ئىكەن. ۋارىسجانىنىڭ تەكلىپى ۋە لايىھەلىشى بىلەن بۇ بۇتخانىنىڭ ئورنىغا چىرايلىق باغچا بىنا قىلىنىپتۇ. بۇ باغچىغا تاش ئابىدە تىكلىنىپ، ئۇنىڭغا «شىنجاڭ سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرى باغچىسى» دېگەن خەت ئويۇلۇپتۇ. بۇ ئىشتىن ۋارىسجان ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قاپتۇ. تېيىپجان ئېلىيېف تاش ئابىدىنىڭ يان يۈزىگە قېرىنداش بىلەن «مەرھۇم» ناملىق مۇنداق شېئىر يېزىپ قويۇپتۇ:

ۋارىسجان دېگەن «مەرھۇم» ئېگىزلەرگە پىر ئىدى،
ماھىرلىق، چېۋەرلىكتە شىنجاڭ بەندە بىر ئىدى.
ۋارىسجان «تىرىك» چاغدا بۇ باغقا پىلان تۈزگەن،
باغ پەيزىنى كۆرەلمەي تۇيۇقسىزدىن جان ئۈزگەن.

ئەلۋىدا ئى «رەھمەتلىك» ئاق ماتاغا يۆگەكلىك،
خۇدا بەرسۇن جەننەتتىن يەتتە تاختا[1] زەدەكلىك.

2) مەركىزى پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتىدا شىنجاڭ سىنىپىدىكىلەر تېز پويىز بىلەن شەرقى شىمالغا زىيارەتكە مېڭىپتۇ. ۋاگون ئىچىدە كۈلكە - چاقچاق باشلىنىپتۇ. چاقچاقنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋارىسجان ئىكەن، چاقچاق ۋارىسجانىنىڭ «تۆگە» دېگەن لەقىمىگە مەركەزلەشكەندە ۋارىسجان:

— تۆگە دېگەن چۆل كېمىسى، ئۇ ئايلاپ - ئايلاپ ئۇسسۇزلۇققا چىدايدۇ. ھاردىم، ئاچتىم دېمەيدۇ. يۈكنى قانچە ئېغىر يۈكلىسىمۇ ياق دېمەيدۇ. ئورنىدىن تۇرۇۋالسىلا كۆتۈرۈپ كېتەلەيدۇ. ھەرقانداق شارائىتقا چىداشلىق. قارىدەك[2] پاتمانلاپ يەپ، ئىنجىقلاپ ھارۋا سۆرەيدىغانلاردىن ئەمەس. قانداق قارى، ئوخشاتتىمۇ، — دېيىشىگە تېيىپجان ئېلىيېف ئىللىق كۈلۈپ:

— ئېھ، خۇدايا، قويماي دېسەڭ بەندەڭنى شاڭخو - كۈلكىگە، نەۋرەمنىمۇ ئوخشاتمىغىن ۋارىسجاندەك تۆگىگە، — دېگەن ئىككى مىسرا نەزمىنى ئوقۇغان. سورۇندا پاراققىدە كۈلكە كۆتىرىلگەن.

3) 1965 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتنىشىۋاتقان داشجاپ (مۇڭغۇل)، ۋارىسجان تۇردى، ئىبراھىم روزى، ھاكىم جاپپار قاتارلىق سەككىز كىشى جىپقا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىش ئۈچۈن ئايرودۇرۇمغا كېتىۋاتقانىدا، سەككىز تاش دېگەن يەردە ماشىنا ۋەقەسى يۈز بېرىپ، داشجاپ قاتارلىق ئۈچ كىشى قازا قىلغان. قالغانلار ئېغىر يارىلانغان. ئەسلىدە جىپتىكىلەر ھاجەتكە چۈشكەندە ۋارىسجان يىراققىراق كەتكەن بولغاچقا، داشجاپ ئۆز ئورنىنى ۋارىسجانغا قالدۇرۇپ، ئۆزى شوپۇرنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن داشجاپ ئۆلۈپ، ۋارىسجان ھايات قالغان. كېيىن ۋارىسجان بار بىر سورۇندا شۇ توغرىلىق گەپ بولغاندا، تېيىپجان شۇ يەردىلا «ناغرا چېلىش» دېگەن مۇنداق قوشاق قوشقان:

ۋارىسجان دېگەن دانا
ئۇستا ئىكەن ھېسابقا.
قۇربانلىقى تاۋاپىمىش
يەتتە قويغا، ئۈچ ئاتقا[3].
ياۋاشلىقنى ئۇنتۇيدۇ
ئاغزى تولسا مازغاپقا.
بوي بەرمەيدۇ زادىلا
ئۇنداق، مۇنداق قاسساپقا.
ئەجەب كەمتەر ۋارىسجان،
ئۇزۇن يولدا سىنالغان.
كەمتەرلىكتىن ئۆتۈنگەن
ياخشى جاينى داشجاپقا.
يالغان رېتسىپ يازدۇرۇپ،
ئەزرائىلنى ئازدۇرۇپ،
تۆردىن قېچىپ قۇتۇلماق
مۇۋاپىقمۇ ئۇستاپقا[4].

4) ۋارىسجان تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىۋاتقاندا بىر قانچە كىشى ۋارىسجان ياتقان ئۆيگە يىغىلىپ قاپتۇ. ۋارىسجان بىرەيلەنگە قاراپ:

— بۇ ئايدا ماڭا 200 يۈەن مۇكاپات بېرىپتۇ. نەگە خەجلەشنى بىلمەيۋاتىمەن. ھەرقايسىڭلارغا بېشىمدىن ئۆرۈپ بېرىۋېتەيمىكىن دەيمەن، — دەپ چاقچاق قىلىپتۇ. بىر كىشى چاقچاق قىلىپ:

— بولىدۇ. ھەر بىرىمىزگە 100 يۈەندىن بېرىڭ. روھىڭىزغا دۇئا قىلىمىز، — دەپتۇ. ۋارىسجان كاستۇمىنىڭ يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى سۇغۇرۇپ چىقىرىشىغا ئون يۈەنلىكتىن ئىككىسى يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ۋارىسجان تېيىپجانىنىڭ «ئېلىۋېلىشى» دىن ئەنسىرەپ ئىتتىكلا ئېڭىشكەنىكەن، تەكچۈگىلۇقىنى يوقىتىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، قوپالماپتۇ. ئەتراپتىكىلەر جىددىيلىشىپ دەرھال كارىۋاتقا ئېلىپ، دوختۇر چاقىرىپتۇ. دوختۇر بىرقۇر تەكشۈرۈپ، چىكىسىدىكى سۈرۈلگەن يەرنى تېڭىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ۋارىسجان ئەسلىگە كېلىپ تېيىپجاندىن:

— ھېلىقى پۇل قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ. تېيىپجان:

— نېمە بولدىڭىز؟ پۇلغا ئۆزىڭىزنى بىر ئاتقانچە قوپالمىدىڭىز؟! پۇلغا ئۆزىنى شۇنچىۋالا ئۇرغان بارمۇ؟ مانا پۇلىڭىز، — دەپتۇ. ۋارىسجان خىجىل بولۇپ:

— ئېغىشكەن ھامان تەڭپۇڭلۇقۇمنى يوقىتىپ قويدۇم، — دېگەنىكەن، تېيىپجان:

— سىزنىڭ بېشىڭىز قاچان تەڭپۇڭ بولۇپ باققان، — دەپتىكەن، ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. تېيىپجان 20 يۈەننى ۋارىسجانغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئېلىڭ ماۋۇنى، 20 يۈەنگە دوم چۈشكەن، — دەپتىكەن كۈلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ.

5) 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋارىسجان تۇردى يامان كېسەل بولۇپ قالغان ئوخشايمەن دېگەن گۇمان بىلەن قاتتىق ئەنسىرەپ، شاڭخەيگە داۋالىنىشقا بېرىپتۇ. لېكىن شاڭخەيگە بارغاندىن كېيىن ئۇنداق كېسەل ئەمەس بولۇپ چىقىپتۇ. ۋارىسجان خۇشاللىقىدا شاڭخەيدىن ئۈرۈمچىگە قايتىدىغان ئاغىنىلىرىدىن «مەن ھازىر دوختۇرخانىدىن چىقتىم. شىنجاڭنىڭ شاڭخەيدىكى ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ مېھمانخانىسىدا تۇرۇۋاتىمەن. لېكىن ھەركۈنى دوختۇر سۈيدۈكۈمنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ، بۇ خەۋەرنى تېيىپجان ئارقىلىق ئەل ـ ئاغىنىلەرگە يەتكۈزۈپ قويۇڭلار» دەپ گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. تېيىپجان بۇ خەۋەرنى ئۇقۇپلا ۋارىسجانغا سالام خەت تەرىقىسىدە مۇنداق بىر شېئىر يېزىپ ئەۋەتىپتۇ:

## سالام خەت

سالام سىزگە، قەدىناس ھەم ئۇزۇن[5] دوستۇم سالامەتمۇ؟
سالام ئېيتتى مېنىڭدىن سىزگە بارلىق دوست ـ جامائەتمۇ،
بىراق مەن ۋاقتىدا سىزگە يازالماي بىر سالام خەتمۇ،
ۋاقت ئۆتكەنسېرى شۇنچە بولۇپ كەتتىم خىجالەتمۇ،
بۇ خەتنى يازغىلى ئەمدى نېسىپ بوپتۇ شۇ سائەتمۇ.

كېتەر چاغدا بۇزۇلغانلەك سېزىلدى كۆڭلىڭىز سىزنىڭ،
نېچۇندۇر تارتىمدى نەغمە ـ ناۋاغا مەيلىڭىز سىزنىڭ،
ۋەيا ئايلاندىمۇ ئىككى قەدەھتىن كاللىڭىز سىزنىڭ،
بىھۇدە غەم بىلەن نەگە چېكىندى ئەقلىڭىز سىزنىڭ،
ئەجەب بىر خىل ئاياغلاشتى ئاشۇ ياخشى زىيапەتمۇ.

ئاشۇ ئاخشام مۇقاملارغا ئاجايىپ بەردىڭىز تەبىر،
بۇ تەبىرلەر گوياكى بويىنىڭىزدەك ئەۋرىشىم ـ ئەگىر،
«مۇقام ئاتلىق كېسەل[6] مەن» دەپ ئەجەب گەپ قىلدىڭىز تەخسىر،
ئاشۇ بىھۇدە تەشۋىشنى سېزىپ، بىزمۇ دېدۇق ئاخىر:
بۇرادەر، سىزدىكى ئىسكەت مۇقامدا بار قىياپەتمۇ؟

بۇ سۆزگە رەنجىمەڭ دوستۇم، بۇ سۆزلەر ھەزىل ـ چاقچاقتۇر،
ئاشۇ چاقچاقنى قىلغانلار ئەزەلدىن سىزگە ئامراقتۇر،
بىھۇدە غەمگە پاتقانلار گوياكى موللا تاپقاقتۇر،
ماقالدا بولسىمۇ ئەقىل(؟) بىراق تۇرمۇشتا ئەخمەقتۇر،
بۇ سۆزنى راست دېدى ھەتتا مەدىنىسىنا ـ تېبابەتمۇ.

يېقىندا دوستىمىز لوقمان كېلىپ بىزگە خەۋەر قىلدى،
دېدىكى، ئەمدى ۋارىسجان يوغان غەمدىن خالاس بولدى،
ئىنقىلاندى جىمى ئىللەت، كېسەلمۇ ساقىيىپ قالدى،
بۇ گەپنى ئاڭلىغان دوستلار خۇشاللىقتىن چاۋاك چالدى،
ئىچىپتۇ مەي تۇدەك سوفى، توقاڭ، تۆمۈر داۋامەتمۇ.[7]

دېمەك، شاڭخەيدىمۇ ئايرىم بېرىپتۇ ئېتىبار سىزگە،
شۇڭا تىنچلىق ـ سالامەتلىك بولۇپتۇ ئەمدى يار سىزگە،
قونۇپتۇ قايتىدىن جىق ئىش قىلىشقا ئىقتىدار سىزگە،
بۇ يەردە دوست ـ بۇرادەرلەر ئەجەبمۇ ئىنتىزار سىزگە،
ئۇزۇن ئۆتمەي كېلەر دىدار كۆرۈشمەكلىككە پۇرسەتمۇ.

دېدى بىرسى «كىچىك ماشىنىغا ھەر كۈن چۈشۈپ ئەمدى،
يۈرۈپتۇ دوستىڭىز بىڭفاڭ[8] لىباسىنى يېشىپ ئەمدى،
بىراق دوختۇرغا قاتراپدۇ سۈيۈق ئۇغۇت[9] توشۇپ ئەمدى،
تۈزەرمۇ كىشىلەر چۆچەك بۇ گەپكە گەپ قوشۇپ ئەمدى»،
بۇ سۆزلەر راستمىدۇ، دوستۇم ۋە يا تۆھمەت، رىۋايەتمۇ؟

بۇ گەپكە بىر تۇرۇپ مەنمۇ ئىشەندىم ھەم گۇمانلاندىم،
بۇ قانداق يېڭىلىقتۇ، دەپ ئۆزۈمچە خېلى ئويلاندىم،
ۋەلېكىن ئالدىراپ ھەزىل توقۇشتىن بەكمۇ ساقلاندىم،
مۇشۇ خەتكە بىرەر چاقچاق قوشاي دەپ يالتىيىپ قالدىم،
دېدىم ئاغرىق كىشىگە ھەزىل قىلماق ياخشى ئادەتمۇ؟

داۋالىنماق بولۇپ بۇندىن ئۇياققا زىكرىكام[10] كەتتى،
تولا ئىش كۆرمىگەن ئادەم سەپەرگە خېلى خام كەتتى،
بىراق سىزنى ئۇ يەردە دەپ قىسىلماي شاد ـ خۇرام كەتتى،
ئۇنىڭدىن سىزگە يوللانغان تاغاردا بىر سالام كەتتى،
باراڭدا[11] ئۇنتۇلۇپ قالماس ئېيتقەن سۆز ـ ئامانەتمۇ؟

بۇ خەتنى مەن مۇشۇ يەردە تۈگەتمەكچى بولۇپ ئەمدى
ئوقۇپ تۇرغان ئىدىم باشتىن، يېنىمغا بەزىلەر كەلدى،
كۆرۈپ خەتنى قوشۇلدى ھەم بىزەچە لوقمىمۇ سالدى،
مېنىڭدىنمۇ سالام دەڭ دەپ جارۇللايوف تەلەپ قىلدى،
مېنىمۇ ئۇنتۇماڭ دەيدۇ ھۇسەنجان جامى دېگەن سەتمۇ.[12]

6) 1976 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاپام تۈگەپ كەتتى. تېيىپجان ئېلىيېف ئەتىسى كەچكە يېقىن شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ پېشقەدەم ئارتىسى مۇھەممەتئىمىن نۇرۇز بىلەن مېنىڭ شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدىكى ئۆيۈمگە پەتىلەپ كەلدى. تېيىپجان مۇھەممەتئىمىن نۇرۇز بىلەن قىسقا ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، مەندىن كۆڭۈل سورىدى ۋە ماڭا تەسەللىي بەردى. بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن گەپ باشلاپ:

— مەن بورتالا، ئارشاڭ تەرەپلەرگە كەتكەن. تۈنۈگۈن ۋارىسجاننى يوقلاپ بېرىپ، شۇ يەردە سىزنىڭ ئاپىڭىزنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم، — دېدى.

— ۋارىسجان ئاغرىپ قاپتۇما؟ — بىرەيلەن سورىدى.

— ئاغرىپ قالماپتۇ. ئۇنى ساقىيىپ بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ بارسام، — دېدى تېيىپجان چىرايىغا مەسخىرىلىك كۈلگە يۈگۈرۈتۈپ، — مىجەزىم يوق دەپ يېتىپتۇ. نېمە بولدۇڭلار دېسەم، قىزىتمام ئۆرلەپ كېتىپ باردۇ، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

قارىسام ئاسپىرىن ئىچىۋېتىپتۇ. شەيتىنىم تۇتۇپ كۈلگۈم كېلىپ:

— سىلەرنىڭ قىزىتمىڭلار قىزىق ئىكەن. نەدە ئاسپىرىن ئىچسە قىزىتمىنىڭ يانغىنى بار دېدىم. شۇنداق دېسەم ئۆزىمۇ گۇمانلىنىپ ئىككى تايىن بولۇپ قېلىپ:

— راست شۇنداقمۇ ـ يە، — دېدى. ئىچىمدە كۈلگۈم كېلىپ، كاللامغا دەرھال قازاقچە مۇنداق بىر شېئىر كەلدى:

ۋارىسجانىم تەقسىرىم،
بار ئىكەنغۇ بىر سىرىڭ،
قىزىتمانى باساما[1]
تەرلىگەندە ئاسپىرىن.

تېيىپجان بۇ شېئىرنى ئوقۇپ بېرىۋېدى، مۇسبەت قايغۇسىغا چۆمگەن ئۆيدە پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ۋارىسجان ھەققىدىكى چاقچاقلىرىنىڭ تولىسى شېئىرى چاقچاقلار. بۇلاردا كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان دوستانە كەيپىيات، ئىنتايىن يېقىنچىلىق ئىپادىلەنگەن. بولۇپمۇ ۋارىسجانغا يازغان «سالام خەت» دېگەن شېئىرى چاقچاق تېيىپجاننىڭ تېپىك شېئىرى چاقچاقلىرىنىڭ بىرى. بۇ چاقچاقنىڭ يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيىتىنىڭ كۈچلۈكلىكى، بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا 18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن خوتەنلىك شائىر ئەخمەتشا قارىقاشىنىڭ ئاقسۇلۇق نەزەر مۇپتىغا يازغان ئات ھەققىدىكى قىسسەسىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر يىرىك شېئىرى چاقچاق دېيىش مۇمكىن. بۇ چاقچاق ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۇمۇر خەزىنىسىگە قېتىلغان قىممەتلىك بايلىق.

## تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ھۇسەنجان جامىغا قىلغان چاقچاقلىرى

تېيىپجان ئېلىيېف مەشھۇر سەنئەتكار ھۇسەنجان جامى بىلەن يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەن. ئۇلار ئىككىسى پەيت تاپسىلا چاقچاقلىشىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىشقان. تېيىپجان كۆپىنچە تەشەببۇسكارلىق بىلەن چاقچاق قىلغان. بەزىدە ھۇسەنجان جامى بىلىپ ـ بىلمەي پاس چىقىرىپ بەرگەندە، ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ، شۇنىڭغا قارىتىپ چاقچاق قىلغان. تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ھۇسەنجانغا قاراتقان چاقچاقلىرىنىڭ باشقا چاقچاقلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇ ئىدىكى، ئۇنىڭدا ھۇسەنجان جامىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان جەمەت لەقىمى «تۆشۈك» تۇتقا قىلىناتتى. ئىككىسى مۇشۇنداق چاقچاققا كۆنۈك ئىدى. تېيىپجاننىڭ ھۇسەنجان جامىنىڭ لەقىمىگە قارىتىپ قىلغان چاقچاقلىرىدا ھەرگىزمۇ ھۇسەنجان جامىنىڭ زىتىغا تېگىش، يېغىرىنى تاتىلاش، كەمسىندۈرۈش ئالامىتى يوق، ناھايىتى سەمىمىي ئىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، تېيىپجاننىڭ ھۇسەنجان جامىغا تولا چاقچاق قىلىشى بىرخىل مۇھەببەت، يېقىنچىلىقنىڭ ئىپادىسى ئىدى. تېيىپجان بۇنداق چاقچاقلىرىدا ھۇسەنجان جامىنى تاتلىق تېرىكتۈرۈپ كۈلدۈرۈش، كۈلكە پەيدا قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى. ئۇلار ئۇزۇن تاللىماي خالىغان يەردە چاقچاقلىشىۋېرەتتى. 80 ـ يىللاردا ئاپتونوم رايونلۇق كىنو ـ فىلىم تارقىتىش زالىدا يېڭى فىلىملەرنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىنغاندا، تېيىپجان بىلەن ھۇسەنجان جامى ئىككىسىنىڭ كىنودىكى ئۆز لەقەملىرىگە ئوخشايدىغان نەرسە ـ ھايۋانلارنى كۆرگەندە ئىككىسىنىڭ زالنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغىنىغا قارىماي بىرنەچچە قېتىم ئۈنلۈك چاقچاق قىلىشىپ، زالدىكىلەرنى كۈلدۈرۈۋەتكىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. تېيىپجاننىڭ ھۇسەنجان جامىغا قىلغان چاقچاقلىرى ناھايىتى سەمىمىي، يېقىملىق ئىدى. تۆۋەندە ئۆزۈم بىلىدىغان بىرنەچچە چاقچاقنى ئوقۇرمەنلەرگە ئېيتىپ بېرەي:

1) تېيىپجان دۇتار چېلىشقا ئۇستا بولغاچقا، ھۇسەنجان جامى قاتارلىق سازەندىلەر بىلەن بىر سورۇندا بولغاندا دۇتارنى تەڭكەش قىلىپ چېلىپ، نەغمە ـ ناۋانى قىزىتاتتى. بىركۈنى بىر سورۇندا ھۇسەنجان جامى، تېيىپجان قاتارلىقلار بىر پەس قىزىق نەغمە قىلىپ توختىغاندىن كېيىن، ئىسسىقتا قاتتىق تەرلەپ كەتكەن ھۇسەنجان جامى قولياغلىق بىلەن باش ـ كۆزىنى سۈرتۈپتۇ. تېيىپجان بۇنى كۆرۈپ دەرھاللا:

— ئەجەبمۇ تەرلىدىڭ دوستۇم،
تېنىڭدا مىڭ تۆشۈك بارمۇ؟

دەپ بىر شېئىر ئوقۇغانىكەن، سورۇندا پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلۈپتۇ.

2) 1989 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تېيىپجان تىببىي ئۇنىۋېرسىتېت كېسەلخانىسىدا داۋالىنىۋاتقاندا ھۇسەنجان جامى يوقلاپ چىقىپ تېيىپجاندىن قايتا ـ قايتا ئەھۋال سوراپ:

— تېيىپجان، ئەھۋالىڭلار قانداقراق ئاداش، — دەپ سوراپتۇ. بىرىنچى قېتىم سورىغاندا، تېيىپجان خۇش تەبەسسۇم بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپتۇ. ئىككىنچى قېتىم سورىغاندا:

— قانداق بولاتتى دوستۇم، ھەركۈنى ئەزرائىل بىلەن مۆشۈك ـ چاشقان ئويۇنى ئويناۋاتىمەن. ئۇ قوغلايدۇ، مەن قاچىمەن، ئۇ تۆشۈكتىن قوغلىسا، بۇ تۆشۈككە كىرىمەن. بۇ تۆشۈكتىن قوغلىسا، ئۇ تۆشۈككە ئۆزۈمنى ئاتىمەن. تۆشۈك كۆپ بولغان بىلەن ماغدۇرۇم ئاز. ئاخىرى تۇتۇۋالىدىغاندەك قىلىدۇ ئۇ كاساپەت، — دەپتۇ تېيىپجان بوش ئاۋاز بىلەن چاقچاق قىلىپ. سىرتتا تۇرۇپ بۇنى ئاڭلىغانلار پىخىلدىشىپ كۈلۈشۈپتۇ.

## تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ يولداش يۈسۈپكە قىلغان چاقچاقلىرى

1) «خورەك» تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ كۆپ تارقالغان مەشھۇر چاقچاقلىرىنىڭ بىرى. ئەل ئىچىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، ئۇنىڭ بەزى سۆز، مىسرالىرى ئۆزگىرىپمۇ كەتكەن. بۇ چاقچاق ھۇسەنجان جامىغا قارىتىپ يېزىلغان دېگۈچىلەرمۇ بار. ئۇنداق ئەمەس. بۇ چاقچاق ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرى يولداش يۈسۈپكە قارىتىپ يېزىلغان. بۇ چاقچاق تۇنجى قېتىم توختى سابىرنىڭ ناھايىتى سەمىمىيلىك بىلەن

يېزىلغان تەسىرلىك ئەسلىمىسى «ئۇ بارلىكى جايدا كۈلكە ياڭرايتتى» («تارىم» ژۇرنىلى 1999 - يىل 7 - سان)نىڭ ئاخىرىدا ئەسلىمىسىنىڭ 6 - قىسمى قىلىنىپ تۇنجى قېتىم قەلەمگە ئېلىنغان. باش مۇھەررىر بولغان مەن بۇ ماقالىنى كۆرۈپ بېكىتكەندە ئاپتورنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ 6 - قىسمىنى چىقىرىۋەتكەن. چۈنكى مەن «خورەك» توغرىسىدىكى گەپنى ئەڭ ياخشىسى بۇ چاقچاقنىڭ بىردىنبىر چىن ئوبيېكتى يولداش يۈسۈپ ئۆز ئېغىزى بىلەن دېسە تېخىمۇ ئىشەنچلىك، مەنىلىك بولىدۇ دەپ ئويلىغان. شۇڭا «خورەك» دېگەن چاقچاق توغرىسىدىكى ماقالىنى يولداش يۈسۈپنىڭ ئۆزىگە يازدۇرۇشنى ئويلاپ يۈرەتتىم. لېكىن ئەندىشەممۇ يوق ئەمەس ئىدى. بۇ چاقچاق يولداش يۈسۈپنىڭ خورەك تارتىدىغان «ئەيىبى» گە قارىتىپ يېزىلغان بولغاچقا، بۇ گەپنى ئۆزىگە ئېيتسام سەت تۇرارمۇ؟ خىجىل بولۇپ تەن ئالماي قالارمۇ دەپ، سەل ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەي نېمە دېيىشنى بىلمەي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر تويدا ئۇشتۇمتۇت بىللە ئولتۇرۇپ قالدىم. ئىككىمىز ئۇيان - بۇياندىن بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، يولداش يۈسۈپنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى ۋە كەيپىياتىغا قاراپ، سەممىي تۈردە سورىدىم:

— يولداش يۈسۈپ ئاكا، «خورەك» دېگەن چاقچاقنى تېيىپجاننىڭ سىلىگە قارىتىپ يازغىنى راستمۇ؟

بۇ سوئالنى ئاڭلاپ شىرەدىكى باشقا مېھمانلارمۇ يولداش يۈسۈپنىڭ جاۋابىغا قىزىقىپ، ئۇنىڭ ئېغىزىغا تىكىلدى. يولداش يۈسۈپ كۈتۈلمىگەن ياخشى سوئال سورالغاندەك تېخىمۇ جانلىنىپ، كۆزلىرى ئويناپ، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن شىرەدىكىلەرگە ئاڭلىتىپ جاۋاب بەردى:

— راست.

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ خوش بولدۇم. باشقىلارمۇ بۇنىڭ راستلىقىنى بىلىپ قالدى. پاراڭىمىز «خورەك» توغرىسىدىكى چاقچاققا مەركەزلىشىپ چوڭقۇرلاشتى.

«خورەك» دېگەن چاقچاق شۇنىڭدىن 14 يىل بۇرۇن يېزىلغانىكەن. بۇنىڭ يولداش يۈسۈپنىڭ خاتىرىسىدىكى تولۇق تېكىستى مۇنداق ئىكەن:

## خورەك

ئاۋۋال چىقتى بوش خورەك،
ئاندىن چىقتى قوش خورەك.
خورەك چىققان تۆشۈككە
پەشۋا كېرەك، مۇش كېرەك.

ياراتقانسەن خۇدايىم
خورەكچىنى نېمىشقا؟
ئۇ دۇنياغا بارغاندا
يولاتمىغىن بېھىشقا.

يولداش ئالدى راھەتنى،
قارى قالدى ئاتاقتا.
سارائمەدىم پۇل تۆلەپ
خورەك تارتقان ياتاقتا.

بۇ چاقچاقنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى مۇنداق ئىكەن:

1985 - يىلى دېكابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يولداش يۈسۈپ شياڭگاڭغا بېرىش سەپىرىدە بېيجىڭدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ كۈنلەردە تېيىپجان ئېلىيېۋ بىلەن ئىككىسى شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مېھمانخانىسىدا بىللە يېتىپ قاپتۇ. يولداش يۈسۈپ ئاخشىمى خورەك تارتىدىغان ئادىتى بولغاچقا، بۇنى تېيىپجانغا ئېيتىپ، تېيىپجاننى بالدۇرراق ئۇخلىۋېلىشقا دەۋەت قىلىپتۇ. تېيىپجان ماقۇل بولۇپ بالدۇر ئۇخلاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن قوپقاندا تېيىپجاندىن:

— ئۇخلىيالىدىڭىزلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. تېيىپجان ئېلىيېۋ:

— ھەرھالدا بولىدىكەنسىلەر، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ يولداش يۈسۈپنىڭمۇ كۆڭلى تىنىپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تېيىپجان يولداش يۈسۈپ بىلەن خوشلىشىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپتۇ. يولداش يۈسۈپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. تېيىپجان كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئىسمائىل ئەھمەد باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەرەب ئەللىرىگە قىلغان زىيارىتىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەنىكەن. يولداش يۈسۈپ ئۇلار بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپتۇ. سۆز ئارىلىقىدا جۇماخۇن (ئۇينى چاغدىكى ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، يولداش يۈسۈپنىڭ ساۋاقدىشى) يولداش يۈسۈپكە چاقچاق قىلىپ:

— سەن تېيىپجاننى ئۇخلاتماپسەن. ئۇنىڭ ياتاق پۇلىنى سەن تۆلىسەڭ بولغۇدەك، — دەپتۇ. يولداش يۈسۈپ بوي بەرمەي:

— نېمە پاكىتىڭ بار؟ — دەپتۇ.

— مېنىڭ پاكىتىم بار، — قەشقەرنىڭ ۋالىسى ئابدۇغوپۇر سىدىق شۇنداق دەپ، تېيىپجاننىڭ شېئىرىنى ياد ئوقۇپتۇ، بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈشۈپتۇ.

بۇ شېئىر گەرچە ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، يولداش يۈسۈپ شياڭگاڭدىن قايتىپ كەلسە، پۈتۈن ئۈرۈمچىگە پۇر كېتىپتۇ.

يولداش يۈسۈپ مېنىڭ تاپشۇرۇقۇم بىلەن «خورەك» دېگەن چاقچاق توغرىسىدىكى ئەھۋالنى بايان قىلىپ «تېيىپجاننى ئۇنۇتالمايمەن» دېگەن تېمىدا ئەسلىمە يېزىپ بەرگەنىدى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىل 11 - سانىدا ئېلان قىلىندۇق. بۇ، مەرھۇم يازغان مۇھىم خاتىرە ۋە ئەسلىمە بولۇپ قالدى.

ئارىدىن يەنە بىرمۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى. «خورەك»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دېگەن بۇ چاقچاقنىڭ قانداق كېلىپ چىققىنىنى بىلىدىغانلار ئازىيىپ كەتتى. ئۇ، چاقچاقتىكى ئۈچ كۇپلېت شېئىرنى ئەينەن، تولۇق بىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. كىشىلەر ئارىسىدا ھەرخىل ئېيتىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرگەنلەرمۇ بار. ھەتتا بۇ چاقچاق يولداش يۇسۇپكە ئەمەس، ھۆسەنجان جامىغا قارىتىپ يېزىلغان دېگۈچىلەرمۇ[14] بار.

2) 1983 - يىلى يازدا يولداش يۇسۇپنىڭ تەكلىپى بىلەن تېيىپجان ئېلىيېف ئىلى دەرياسىنىڭ ياماتۇ كۆۋرۈكىنىڭ قاتناش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشقان. بۇ چاغدا تېيىپجان ئېلىيېف كۆۋرۈككە بېغىشلاپ بىر شېئىر يازغان ۋە بۇ شېئىر «تاش يول ۋە ئاپتوموبىل» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق سانىغا بېسىلغان. يولداش يۇسۇپنىڭ شۇ چاغدىكى ئىشلارغا دائىر خاتىرىسىدىن تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ئۆزىگە قارىتىپ يازغان مۇنۇ بىر كۇپلېت چاقچىقى تېپىلغان:

يولداش يۇسۇپ كېلىپلا
ياتاق ئۆي گەرەج[15] بولدى.
دەم ئالماق، ئارام ئالماق
ھەمراغا ھەرەج بولدى.

بۇ شېئىردا شۇ ۋاقىتتا يولداش يۇسۇپ بىلەن تېيىپجان ئىككىسى ياتقان ياتاق خۇددى قاتناش بېكىتىدەك بولۇپ كەتكەنلىكى، دەم ئېلىش، ئارام ئېلىش مۇمكىن بولماي قالغانلىقى يۇمۇرلۇق ئىپادىلەنگەن.

## تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ توختى سابىرغا قىلغان چاقچاقلىرى

تېيىپجان ئېلىيېف بىلەن توختى سابىر بىر - بىرىگە ناھايىتى ئىخلاس - ئەقىدە قىلىدىغان، خۇش چاقچاق، ئوچۇق - يورۇق مىجەز، ھازىر جاۋاب، ئىنكاسى تېز، يۇمۇرلۇق ھېسساتقا بايلىقى، چاقچاققا ئۇستىلىقى جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان جانجىگەر يېقىن دوستلار. ئۇلار «سول»چىللىق ھۆكۈم سۈرگەن، تېيىپجانغا ئوخشاش شائىر، يازغۇچىلار، زىيالىيلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر كەلگەن جاپالىق يىللار، ئېغىر كۈنلەردىمۇ ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولغان. تېيىپجان توختى سابىرنى ئەڭ ئىشەنچلىك سىرداشى، يۆلەنچۈكى، غەمگۈزارى ھېسابلاپ، قايغۇ - ئەلەملىرىنى توختى سابىردىن يوشۇرمىغان، ئىچ سىرىنى تۆككەن. روھى چۈشكەن، كۆڭلى ئازار يېگەن چاغلاردا توختى سابىردىن ئىلھام، مەدەت ئېلىپ كۆڭلى سۆيۈنگەن. بېشى قاتقان چاغلاردا ياخشى مەسلىھەت ئالغان. كۆڭلى تەسەللىي تاپقان. كۆڭلىدىكى تۈگۈن يېشىلىپ، غەم - ئەندىشىسى يەڭگىللىگەن. تۇرمۇشنىڭ خىلمۇخىل سىناقلىرى ئۇلارنىڭ دوستلۇق مۇھەببىتىنى چىڭىتىپ، بىر - بىرىگە ئىخلاس - ئەقىدىسى چوڭقۇرلاشقان.

تېيىپجان بىلەن توختى سابىر 1960 - يىللارنىڭ بېشىدا تونۇشقان. ئۇ چاغدا توختى سابىر تىراكتور زاۋۇتىدا ئىشلەيتى. توختى سابىر شۇ چاغدىن باشلاپ تېيىپجان بىلەن ئىزدىشىپ باردى - كەلدى قىلىپ تۇرغان. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەقىقىي دوستلۇقى 1963 - يىلى مەركىزى پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا بارغاندىن كېيىن باشلانغان. ئىككىسى 1964 - يىلى 11 - ئايدىن 1966 - يىلىغىچە پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ شاپتۇل يېزىسىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتناشقان. بۇ يەردە ئۇلار دېھقانلار بىلەن ئىچقۇيۇن - تاشقۇيۇن بولۇپ، قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان. جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇش، ئورتاق غايە - ئىستەك، ئورتاق تەقدىر - كەچۈرمىشلەر ئۇلارنى بىر تۇغقاندىن چارە يېقىنلاشتۇرغان. توختى سابىر «تىۋىلغا» دېگەن ئەسلىمىسىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغان: «بىزنىڭ ھەقىقىي چىن دوستلىقىمىز 1963 - يىلى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە بارغاندىلا باشلاندى. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى 1989 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر 26 يىل جەريانىدا دېيىشمەيدىغان گەپلىرى يوق چىن دوست بولۇپ ئۆتتۇق.» ئىككىسى ئاداش دېيىشىپ ئادەتلەنگەن. ئۆكتەبىر تىراكتور زاۋۇتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان توختى سابىر «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا پارقازىنى سېخىغا پار قازىنىغا ئوت قالاشقا چۈشۈرۈۋېتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن يەتتە - سەككىز يىل تېيىپجان بىلەن كۆرۈشەلمىگەن. كېيىن تېيىپجاننى جىمسارغا دەمدۇ، گۇچۇڭغا دەمدۇ خىزمەتتىن ھەيدەپ بالا - چاقىلىرى بىلەن سۈرگۈن قىلىپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلاپ قايغۇرغان. 1974 - يىلى 9 - ئاينىڭ بىر كۈنى توختى سابىر ئۆيىدە يالغۇز ئولتۇرغاندا تېيىپجان تۇيۇقسىزلا كىرىپ كەلگەن. ھاياجانلانغان توختى سابىر كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالغان.

— ھەي، قارىمۇسلە، — دېگەن ھاياجىنىنى باسالماي.

تېيىپجان بۇرۇنقىدەكلا قىزغىن چاقچاق قىلىپ:

— قانداق، كۆزۈڭلەرگە باشقىچە كۆرۈنۈۋاتامدىمەن، — دېگەن. ئىككىسى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ خۇش بولۇپ كەتكەن. شۇ كۈنى كەچكىچە بۇ ئىككى دوستنىڭ پارىڭى تۈگىمىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى پات - پات ئۇچرىشىپ تۇرغان. توختى سابىر ئەسلىمىسىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغان: «شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ھەپتە كۆرۈشەلمىسەك تېلېفون ئارقىلىق بولسىمۇ پاراڭ - چاقچاق قىلىشاتتۇق.»

1) توختى سابىر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئۆستۈرۈلگەن، تېيىپجان جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بۇرۇنقىدەك قىزغىن داۋام قىلغان. تېيىپجان ئېلىيېف بىلەن توختى سابىر باشتىن - ئاياغ بىر - بىرىگە ئامراق، بىر - بىرىنى قەدىرلەيدىغان سادىق دوستلار بولۇپ ئۆتكەن. تېيىپجان ئېلىيېف توختى سابىر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ بىرقانچە كۈن ئۆتمەيلا توختى سابىرنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ بېرىپ، ئۇنى تەبرىكلەپ ۋە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ يازغان بىر شېئىرنى تەقدىم قىلغان. بۇ شېئىرنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

## دوستۇمغا

ئاغىنەم، ساۋاقدىشىم توختى سابىر،
سايلىنىپ بوپ قالدىڭىز يوغان كادىر.
ئۇنتۇماڭ تېخىمۇ شۇ ھەقىقەتنى،
ھەممىدىن خەلق دانا، خەلق قادىر.

يۇقىرىغا ئۆرلىگەنچە پەسكە قاراڭ،
قەلبىڭىز بولسۇن شۇنچە ئوچۇق زاھىر.
ئۆزىڭىز تۆھپىڭىزدىن ئېغىز ئاچماڭ،
يوشۇرماڭ ئەيىپ ـ نۇقسان بولسا سادىر.

دورىماڭ ۋالاقتەككۈر تەلۋىلەرنى،
بېرىلىپ كەسپىڭىزگە بولۇڭ ماھىر.
شەرەپلىك ئىمتىھانغا قاتناشتىڭىز،
چىرايلىق نومۇر ئېلىڭ باشتىن ـ ئاخىر.

تېيىپجان بۇ شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ:

— قانداق، بولۇپتىمۇ؟ — دەپ سورىغان. توختى سابىر:

— ياخشى يېزىپسىلەر. لېكىن باشتىن ئاخىر ياخشى نومۇر ئالغىلى بولارمۇ؟ — دېگەن. تېيىپجان يەنە چاقچاق قىلىپ:

— ئېزىپ كەتمىسەڭلا ئالالايسىلەر. بۈگۈن ئالايتەن مۇشۇ شېئىرىم بىلەن سىلىنى تەبرىكلىگىلى ھەم نەسىھەت قىلغىلى كەلگەنىدىم، — دەپ ئۆيدىن سىرتقا چىققان. بۇ چاغدا تېيىپجان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — نەسىھەت قىلىپ قويدۇم دېسەم باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭلار. ئاغىنىلەردىن بىرى ئۆسۈپ قالسا، قالغانلىرى خۇش بولۇپ كېتىپ نەسىھەت قىلىدىغان قائىدە بار. سىلە ئەمدى يۇقىرىنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلاپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى، تۆۋەندىكىلەردىن نەسىھەت قانچە كۆپ ئاڭلىساڭلا شۇنچە ياخشى بولىدۇ، — دېگەن.

— بۇ گېپىڭلار قالتىس ئوبدان بولدى جۇمۇ، قارى، سىلە ئەدەبىي جەھەتتىلا پىشىپ، يېتىلىپ قالماي، سىياسىي جەھەتتىمۇ پىشىپ يېتىلىپسىلەر، — دەپتۇ توختى سابىر. تېيىپجان يەنە چاقچاق قىلىپ:

— ئۇچۇرماڭلار، شەيتان[16] ئارىلىشىپ قالىدۇ، — دېگەن.

توختى سابىر تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ «دوستۇمغا» دېگەن شېئىرىنى خاتىرىسىدە ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن.

2) 1989 ـ يىلى تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىلى بولدى. شۇ يىلى 1 ـ ئايدا دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ساناقلىق كۈنلىرى قالغانىدى. شۇنداق ھالەتتىمۇ چاقچاق بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇرغان. ئېغىر كېسەل ئازابى جېنىنى قىيناۋاتقان ئاخىرقى دەملەردىمۇ قەدىناس دوستى توختى سابىر بىلەن كۆپ چاقچاقلاشقان، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغان. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى چاقچىقى ئالاھىدە قىممەتلىك. تۆۋەندىكىلىرى ئەنە شۇ چاغلاردىكى ئۇنتۇلغۇسىز چاقچاقلار:

3) توختى سابىر تېيىپجاننى يوقلاپ كېلىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا سېسترا كىرىپ چىقىپ كېتىشنى ئېيتقان. توختى سابىر ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلىشىش ئۈچۈن تېيىپجان بىلەن قول ئېلىشقاندا تېيىپجان قولىنى قويۇۋەتمەي:

— سىلە مېنى ھەممە ئادەم كۆرەلمەيدۇ، دەپ قالماڭلار. بىزنىڭ كۆزىمىزگە بەزى كۆرۈنۈپ، بەزى كۆرۈنمىگىنىڭلار بىلەن دوختۇر، سېستىرالارنىڭ كۆزىدىن قاچالمايسىلەر. چۈنكى ئۇلار دائىم ئاپەت بىلەن يۈرىدۇ ئەمەسمۇ، — دېگەن. ھەممەيلەن بوشراق كۈلۈشكەن.

4) بىر كۈنى توختى سابىر يەنە تېيىپجاننى يوقلاپ كەلگەن. ئۇ چاغدا تېيىپجان توختى سابىرنىڭ كىرگىنىنى سەزمەپتۇ. ئايالى خەلچەم:

— تېيىپجان، توختىكام كەلدى. كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، — دەپتۇ تېيىپجاننىڭ غولىغا قولىنى قويۇپ. تېيىپجان دەرھال:

— كەلدىڭلارمۇ؟ توختاخۇنغا كۆزنى ئاچسىمۇ ـ ئاچمىسىمۇ ئوخشاش. ئۇنداق ئاسان كۆرگىلى بولىدىغانلاردىن ئەمەس ئۇ، — دەپتۇ. ئىككىسى دائىم چاقچاقلاشقاندىكىدەك چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈتۈپ.

5) ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن توختى سابىر يەنە يوقلاپ كەپتۇ. ياتاقنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان ئايالى خەلچەم توختى سابىرنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ ياتاققا كىرىپ چىقىپ:

— ئۇخلىماپتۇ، كىرىڭ، — دەپتۇ. تېيىپجان گەرچە ئويغاق بولسىمۇ، كېسەل ئازابى ۋە ھالسىزلىقتىن خۇددى ئالدىنقى كۈندىكىدەك ئولتۇرۇپ ئۇخلاۋاتقان ئادەمدەك كۆزىنى يۇمۇۋالغانىكەن. خەلچەم:

— تېيىپجان، توختىكام كەلدى، — دەپتۇ. تېيىپجان بېشىنى كۆتۈرۈپ چاقچاق قىلىپ:

— بۈگۈن سېھىرلەنمىگەن ئوخشايسىلەر — ھە؟ كىرىشىڭلا كۆرەلىدىم، — دەپتۇ.

بۇ چاقچاقلار تېيىپجاننىڭ جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە توختى سابىرغا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى چاقچاقلىرى بولۇپ قالغان.

---

① «تۆگىنى ئۇسسۇلغا سالسا، يەتتە تاختا زەدەكلىك» دېگەن تەمسىل كۆزدە تۇتۇلغان.

② تېيىپجاننى دېمەكچى.

③ بىر تۆگىنىڭ قۇربانلىقى يەتتە قوي بىلەن ئۈچ ئاتقا باراۋەر بولارمىش.

④ قائىدە ـ نىزام.

⑤ راك كېسىلى مەنىسىدە.

⑥ تۇردى سوپى، قاسىموف توختى، تۆمۈر داۋامەتلەر بىر سورۇندا ۋارىسجاننىڭ كېسىلى راك ئەمەسلىكىنى بىلىپ، بۇ ياخشى خەۋەركەن، دەپ تەبرىكلەپ قەدەھ كۆتۈرۈشكەن.

⑦ كېسەلخانا.

⑧ سۇيدۇك تەكشۈرتكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلغان.

⑨ زىكرى ئەلپەتتا.

⑪ زىكرى ئەلپەتتانىڭ لەقىمىگە قارىتىلغان.

⑫ ھۇسەنجان بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ: «نېمىشقا ئادەم تىللاپ شېئىر يازىسىز؟» دېگەندە، تېيىپجان: «قاپىيە شۇنداق كېلىپ قالدى، سىزدەك جانجىگەر دوستۇمنى تېرىكمەس دېدىم» دېگەن، ھۇسەنجانمۇ: «بوپتۇ ئەمىسە» دېگەنىدى (ئاپتور)...

⑬ باساما — قازاقچە «باسامدۇ» دېگەن گەپ.

⑭ ھېيتەم ھۇسەيىننىڭ 2007 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھىجران مۇڭلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 78 ـ 79 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

⑮ گەرەج — قاتناش بېكىتى دېمەكچى.

⑯ «ئازدۇرۇش»، «شەيتان» دېگەن گەپلەر توختى سابىرنىڭ يۇرت لەقىمىگە قارىتىلغان.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئېلخەت: qashtash@126.com




— كىمدىن خەت كەپتۇ؟ - سورىدى ئۇ قولىنى سۇنۇپ تۇرۇپ.

— ئاكامدىن كەپتۇ، - ئايالى جاۋاب بېرىۋېتىپ قولىنى قول قولىياغلىق بىلەن سۈرتىۋەتتى - دە، ئاستا كرېسلونىڭ ياقا تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— ئۇ قانداقسىگە خەت يېزىشنى ئويلاپ قالغاندۇ؟ - دېدى ئۇ كونۋېرتنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ ئەجەبلەنگەن ھالدا، - ئۈچ يىل بولغاندا خەت يېزىشنى ئويلاپ قاپتىغۇ؟

- بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار؟ خەت يېزىشنى ئويلاپتۇ - دە، يېزىپتۇ شۇ.

— ھېچكىم ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق خەت يازمايدۇ - دە! — رەددىيە بەردى ئۇ قوپاللىق بىلەن.

ئايالى مۈرىسىنى قىسىپ قويدى - دە، تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆتۈندى:

— تېزرەك ئوقۇسىڭىزچۇ! مەن يۇيىدىغان يەنە نۇرغۇن كىيىملەر بار.

— كىيىم يۇيۇشقا بارىۋەر، مەن ساڭا دەخلى قىلمايمەن.

ئايالى زۇۋان سۈرمىدى. ئېرى قولىنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتىۋېتىپ ئاشخانىغا كىردى - دە، ھور بىلەن كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئاندىن مېھمانخانىغا يېنىپ چىقتى.

— قارا، پۇل سوراپتۇ. ئۇ ئىشى بولمىسا بىزنى ئىزدەمەيتى. ئۇ بەك ئەقىللىق ئىكەن.

— نېمە ئىش بوپتۇ ؟ — ئەنسىزلىك بىلەن سورىدى ئايالى.

— ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولاتتى ؟ — ئېرى قولىنى شىلتىدى، - ياق ! ئۇ يازغان خەتنى سەن ئاڭلاپ باق: «ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئازراق پۇل ئەۋەتسەڭلا، قانچىلىك ئەۋەتسەڭلا مەيلى»، ئۇ گەپكە تازا ئۇستىكەن.

— بىزدە پۇل بارغۇ.

— بەك ياخشى بولدى. بۇرۇنلا سېنىڭدە پۇل باركەندە، سەن ئۇنىڭغا پۇل بەرگىچە ئىتنىڭ پوقىنى بەر. ئۇ ئۆزى ئامال قىلسۇن.

— نېمە بولدىڭىز؟

— ھېچنېمە بولمىدىم، بىز ئىككىمىزمۇ قۇرۇق قوللا ئائىلىلىك بولغان ئەمەسمىدۇق. بىزگە كىم ياردەم قىلغان؟ شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇمۇ ئازراق جاپا چەكسۇن، ئۇنداق بولمىغاندا ئەنە شۇنداق شېرىن خىياللارنى قىلىپ «ئازراق پۇل ئەۋەتسەڭلار» دەپ خەت يازىۋېرىدۇ. ئۇ سارىڭ پۇل بولسىلا كۈنۈم ياخشى ئۆتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

— ئۇ پۇل يەنىلا ئۆزىمىزگە قايتىدىغۇ، - دېدى ئايالى قورۇنۇپ.

— قاچان ؟ — دېدى ئېرى ئايالىغا بۇرۇلۇپ قوپاللىق بىلەن، — ئۇنىڭ كۈنى ياخشىلانغان ۋاقىتتىمۇ؟ ئۇنىڭغا ھازىر ئۈچ يىل بولدى. كىم ئۇنى ئەنە ئاشۇنداق خوتۇننى ئالسۇن دەپتۇ. ئۇ ئۆزىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن كالۋا.

— بىراق ...

— بېرىپ كىيىملىرىڭنى يۇيۇۋەر! قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن.

ئايالى چىقىپ كەتتى، ئۇ خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدى ۋە قايتا تەكرارلاپ تۇرۇپ غودۇڭشۇپ كەتتى:

— پاھ! ئەقىللىق ئىكەنسەن!

ئۇ چاپىنىنى كىيىپ ئىشىكتىن چىقتى. ئۇ پوچتىخانىدا كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى پەم بىلەن چاپلىدى. ئاندىن خەت تارقىتىدىغان ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كەلدى - دە، خەتنى ئىچىگە سۇنۇپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان كىشى كۆچۈپ كەتتى.

مۇھەررىر: ئەسئەد مەسئۇدى
ئېلخەت: asatmasudi@126.com





# كىتاب ۋە مەن

● فرانز كافكا (ئاۋسترىيە)

ئەمەلىيەتتە، يازغۇچىلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار جەمئىيەتتە ئاجىز ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ مۇشەققىتىنى باشقا ئادەملەرگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ مەدھىيەسى بىر تۈرلۈك چوقاندىن ئىبارەت. سەنئەتكارلار ئۈچۈن بىر تۈرلۈك ئازاب، ئۇلار بۇ ئازاب ئارقىلىقلا ئۆزلىرىنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرىدۇ، يېڭى ئازابقا بەرداشلىق بېرىدۇ.

كىتاب دۇنيانىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ، تۇرمۇشتىكى نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇق ئەھمىيىتى، ۋەزىپىسى بولىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى باشقا نەرسىلەر ئارقىلىق ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ، مەسىلەن: بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ئورنىدا تۇرمۇشتىن بەھرىلىنەلمەيدۇ. مەيلى دۇنيانى تونۇش بولسۇن ياكى كىتاب ئوقۇش بولسۇن، ھەممىسى مۇشۇ قائىدىگە مەنسۇپ. ئادەملەر خۇددى قۇشنى قەپەزگە سولىغاندەك تۇرمۇشنىمۇ كىتابقا قامىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ، ئەمما بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئىش دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئادەملەر كىتابتىكى مەۋھۇم ئۇقۇملاردىن ئۆزىگە قەپەس ياسايدۇ. پەيلاسوپ تۈرلۈك قەپەسنى يۈدۈپ، ھەرەك - سەرەك كىيىنىۋالغان شاتۇتى، خالاس.

كۆپ ساندىكى ھازىرقى زامان كىتابلىرى پەقەت بۈگۈنگە نىسبەتەن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئىنكاستىنلا ئىبارەت. بۇ خىل نۇر تېزلا يوقايدۇ. سىز قەدىمكى ئەسەرلەرنى، كىلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى كۆپرەك ئوقۇڭ، كىلاسسىك نەرسىلەر ئۆزىنىڭ ئىچكى قىممىتىنى سىرتىغا ئاشكارىلايدۇ. شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆتكۈنچى، بۈگۈنىمىز ئىنتايىن پارلاق، ئەتىمىز بولسا كۈلكىلىكتۇر.

(لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى «نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ 2011 - يىللىق 1 - سانىدىن مامۇتجان نۇرمۇھەممەد ئاققاش تەرجىمىسى)

(تەرجىمان: قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەلىك ساياھەت ئىدارىسىدە)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com

# يۈرىكىمدىكى گەپلەر

◎ گۈلنار ئابلىز

تۇرمۇشتا يەكۈنلىگەن تەجرىبە - ساۋاقلىرىمغا ئاساسەن بەزىدە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەر، ئاغرىنىش، نارازىلىقلار ئۇقۇشماسلىقتىن، چۈشەنمەسلىكتىن بولىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالىمەن. قارشى تەرەپكە نىسبەتەن ئازراقلا كەڭ قورساق بولساق، مەسىلە يۈز بەرگەندە ئۆزىمىزنى دەرھال قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىغا قويۇپ ئويلىيالىساق نۇرغۇن كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشەلەيدىكەنمىز ھەم بەخت پەيزىگە چۆمۈلەلەيدىكەنمىز.

ئىككىنچى بالامنى يەڭگىپ تۇغۇت دەم ئېلىشىم توشاي دېگەندە يولدىشىم ئىككەيلەننىڭ بېشىغا غەم چۈشتى. ھەر ئىككەيلەننىڭ ئاتا - ئانىلىرىمىزغا ئېغىرچىلىق سالغۇمىز يوق ئىدى. بالا باققۇچى تاپايلى دېسەك كوچا - كويلاردا، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن بالا باققۇچى توغرىسىدىكى ھەر خىل ۋەھىملىك سۆزلەر بىزنى ئەندىشىگە سېلىپ قويۇۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا قېيىنئاپام بىزنى بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇردى. قېيىنئاتام خېلى بۇرۇنلا تۈگەپ كەتكەن بولۇپ قېيىنئاپام ئۆزى يالغۇز تۇراتتى. «ئەسلىدە ئەمدى نەۋرە باقالماسمەن دېگەنىدىم، بىراق بىرەر ئىشەنچلىك ئادەم بولمىسا قانداق قىلىسىلەر؟ قېنى، قانچىلىك باقالايمەن، قاراپ باقمامدىم» قېيىنئاپام تېلېفوندا يولدىشىمغا شۇ سۆزلەرنى قىلىپ نەچچە كۈندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. قېيىنئاپامنىڭ قىزىمنى بۆشۈككە تېڭىش، يۆگەككە يۆگەش، يۇيۇپ، ئۇپىلاش... دېگەندەك ئىشلىرىغا قاراپ ئۆزۈمنىڭ بالا بېقىشتا بەكلا چولتا ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ خىجىل بولدۇم. ئوغلۇمنى بالا باققۇچىنىڭ ياردىمىدە ھېلىمۇ مۇشۇنچىلىك چوڭ قىلىۋالغانلىقىمغا كۆپ شۈكرىلەر ئېيتتىم.

ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن بەزى دوستلىرىم، خىزمەتداشلىرىم قىزىمنى قېيىنئاپامنىڭ بېقىپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ماڭا ھەۋەس قىلىشىپ «سىز نېمىدېگەن تەلەيلىك، بىزنىڭمۇ شۇنداق قېيىنئاپىمىز بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى! ئەمدى خاتىرجەم بوپسىز، قېيىنئاپىڭىز سىلەرگە چوڭ ياردەم قىپتۇ» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر: «ۋاي - ۋۇي، سىزگە بالا باقىدىغان بىرەر ئادەم تېپىلمىدىمۇ؟ قېيىنئاپىڭىزنى ئەكىلىپ ئۆزىڭىزگە ئىش تېپىپسىز. بۇ دېگەن بىر - ئىككى ئايلىق ئىش بولمىسا، نەچچە يىلنى قانداق ئۆتكۈزەرسىز؟» دېيىشىپ ماڭا ئىچ ئاغرىتىشتى. ئەينى ۋاقىتتا تويىمىز بولغاندا بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بولۇپمۇ ئاپام، بەزى تۇغقانلار يولدىشىمنىڭ ئۆيى، مۇقىم خىزمىتى يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ خېلى نارازى بولغان، تويىدىمۇ كۆڭۈل ئاغرىقى بولغانىدى. تويدىن كېيىن مۇشۇ تۇغرۇلۇق پاراڭ بولسىلا ئىككەيلەن پات - پات قىزىرىشىپ قالاتتۇق. يولدىشىم ھېيت - بايراملاردا مېنىڭ زورلىشىم بىلەن بىزنىڭ ئۆيدىكىلەردىن ئەھۋال سوراپ قويسا مەنمۇ قېيىنئاپامغا مۇنداقلا تېلېفون بېرىپ قوياتتىم. ئىككى ئۆيدىكىلەرمۇ پەقەت ھېيت - بايراملاردىلا ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىشاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جاراھەتلەر ساقايغاندەك قىلسىمۇ تاتىلىنىپ كەتسىلا قاناشقا تەييار تۇراتتى. شۇڭا، بىر تەرەپتىن قېيىنئاپامنىڭ كەلگىنىدىن خۇش بولسام يەنە بىر تەرەپتىن قېيىنئاپام بىلەن ئەپ ئۆتەلەرمەنمۇ، مۇشۇ سەۋەبلىك يولدىشىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگە تەسىر يېتەرمۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئەنسىرەپمۇ قالغانىدىم. دېگەندەك قېيىنئاپام دەسلەپتە كەلگەندە ئۇنىڭ بەزى مىجەز - خاراكتېرى، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئادەتلىرى، بولۇپمۇ يولدىشىمغا زىيادە كۆيۈنۈشلىرى كۆزۈمگە سىغمىدى. بۇ زىيادە كۆيۈنۈش داستىخان ئۈستىدە بەكرەك ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى. قېيىنئاپام «بالام، بۇنى ئاله، كۆپرەك يە، قارىسام بەك جاپالىق ئىشلەيدىكەنسەن» دەپ تاۋاقتىكى، قاچىسىدىكى تاماقلارنىڭ گۆشىنى، يۇمشىقىنى، ياخشىسىنى يولدىشىمنىڭ قاچىسىغا سېلىپ قويىدىغاندا «توۋا، مەنمۇ يولدىشىمغا ئوخشاش ئىشلەۋاتسام، مېنىمۇ ئېلىڭ بالام، دەپ قويسا يامان كېتەرمۇ، ئۆزىنىڭ بالىسى دېگەن ئوخشىمايدىكەن...» دېگەنلەرنى ئويلاپ غىققىدە بولۇپ قالاتتىم. بۇنداق چاغلاردا قىزىم قۇچىقىمدا قەغىشلىك قىلىپ قېرىشقاندەك مېنى تېخىمۇ تاماق يېگۈزمەيتتى. ئۇلارنىڭ بىغەم تاماقلىنىۋاتقان ھالىتىگە قاراپ ئىچىم ئاچچىق بولاتتى. قېيىنئاپام ياكى يولدىشىم تامىقىنى يەپ بولۇپ بالىنى تۇتۇپ تۇرماقچى بولغاندا ئۇلارغا باتناپ قەتئىي ئۇنىمايتتىم. قەستەن ۋاقىتنى سوزۇپ ئۇلار يەپ بولغاندا ئاندىن يەيتتىم. ئاللىقاچان سوۋۇپ تەمدىن كەتكەن تاماقنى يەپ تېخىمۇ ئوغام قاينايتتى...

كېيىن بۇ ئىشلارغىمۇ ئاستا - ئاستا كۆندۈم. ئۆزۈمنى قېيىنئاپامنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلاپ باقتىم. مەن ئوغلۇمغا شۇنچىلىك ئامراق، ياخشى، يۇمشاق نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا بەرگۈم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە ھەۋەسلىنىپ قاراپ كېتىمەن. تاماقنى ئاز ئېتىپ قويغان كۈنلەردە «ئاپا، يەنە بارمۇ» دېگەن سۆزى بىلەن قاچامدىكىنى ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭغا سۇنىمەن. ئويلىسام قېيىنئاپاممۇ پەقەت مەن قىلغاننى قىپتۇ.

ئوغلۇم ئادەتتە قەتئىي سۇيۇقئاش ئىچمەيتتى. يولدىشىم ئانچە - مۇنچە ئىچىپ قوياتتى. شۇڭا، ئۆيىمىزدە سۇيۇقئاش ئېتىلمەيتتى ياكى ناھايىتى ئاز ئېتىلەتتى. قارىسام قېيىنئاپام ئىككى كۈندە بىر سۇيۇق - سەلەڭ ئىچمىسە ئىچى قۇرۇپ

قالغاندەك ھېس قىلىدىكەن. دەسلەپتە مەنمۇ «بىز تۈزۈك ئىچمىسەك نېمانچە كۆپ ئېتىدىغاندۇ بۇ سۈيۈقئاشنى» دەپ ئويلىدىم. كېيىن مەنمۇ سۈيۈق - سەلەڭ ئىچىشكە ئادەتلىنىپ قالدىم. سۈيۈق تاماقلارنىڭ ئىشتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە بولۇپمۇ قىش كۈنلىرى ئادەمگە بەكلا ياقىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. قېيىنئاپام تاماقتا ھەقىقەتەن ئۇستا. ئۆزۈمنىڭ پەقەت بىرقانچە خىل تاماق ئېتەلەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ خىجىل بولۇپ قالىمەن. بەزىدە قېيىنئاپام بىز ئۆيدە يوق چاغلاردا ئوغلۇم مەكتەپتىن قايتىپ كەلسە قىزىمغا قارىتىپ قويۇپ تاتلىق ياڭيۇ، قوناق، كاۋا... دېگەندەك ئوزۇقلۇق قىممىتى مول، بىراق ئادەتتە بىز پىشۇرۇپ يېيىشكە ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدىغان نەرسىلەرنى ئەكىرىپ پىشۇرۇپ قويىدۇ، قورۇق ئىسسىقنى ئالىدۇ، دەپ لەڭپۇڭ ئۇيۇتىدۇ، يات - پاتلا يولدىشىمنىڭ تەلىپى بىلەن جاپاسى تولا بولسىمۇ ئۆپكە - ھېسىپ قويىدۇ. ئوغلۇم سۈت بىلەن پېچىنە - پىرەنىككە ئامراق. شۇڭا، ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم پېچىنە سېتىۋالاتتىم. قېيىنئاپامنىڭ «قىزىم، ھازىر كىشىلەر پايدىنى كۆزلەپ پېچىنىلەرنى ھەرخىل سۈپەتسىز مايدا پىشۇرىدىكەن. ئۆزىمىز پىشۇرغان بولساق بەك ياخشى بولاتتى» دېگەن تەۋسىيەسى بىلەن دوخۇپكا سېتىۋالدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن قېيىنئاپام ھەرخىل پېچىنىلەرنى، مەززىلىك دوخۇپكا سامسىلىرىنى پىشۇرۇپ بازاردىن پېچىنە ئالمايدىغان بولدۇق. ئۆيىمىز 6 - قەۋەتتە بولغاچقا يوتقان - كۆرپىلەرنى ۋاقتىدا ئاپتاپقا سالالمايتتىم. قېيىنئاپام ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۆكۈپ ياختىلىرىنى قايتىدىن ئەتكۈزدى. نەچچە كۈندە بىر نەرسە - كېرەك ئالغىلى پەسكە چۈشكەندە ئېرىنمەي ئۇلارنى كۆتۈرگەچ چۈشۈپ ئاپتاپقا سالدى. تورپاختىلارنىڭ قېلىنلىرىنى نېپىزلىتىپ، كونىلىرىنى يېڭىلاپ قايتىدىن تىكىپ بەردى. «بۇرۇنقى يوتقىنىم بەك ئېغىر ئىدى، ھازىر شۇنداق يېنىك، يۇمشاق بوپتۇ» دېدى ئوغلۇم يېڭى يوتقىنى ئۈستىدە راھەتلىنىپ دومىلاپ.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قېيىنئاپامغا بولغان قارىشىم ئۆزگەردى. ئۇنىڭ مۇلايىم، كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل، سەۋرچان، كەم سۆز خاراكتېرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بەزىدە 66 ياشقا كىرگەن قېيىنئاپامنىڭ تىنىمسىزلىقىغا قاراپ خىجىل بولىمەن. كەچتە ئىشتىن كېلىپ ئاكا - سىڭىل ئىككەيلەننىڭ ئۆينى بېشىغا كىيىپ قىيقاس سېلىپ قىن - قىنىغا پاتماي ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاردۇقۇم چىققاندەك بولىدۇ - يۇ، ئىككەيلەن تەرىپىدىن خۇددى ئۇرۇش مەيدانىدەك مالىمان قىلىۋېتىلگەن ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ھارغىن ياتقان قېيىنئاپامنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالىدۇ. «مەن ئىدارىدە خىزمەت قىلسام قېيىنئاپام ئۆيدە خىزمەت قىلىدۇ. قىزىمغا قارايدۇ، ئۆي تازىلايدۇ، تاماق ئېتىدۇ، ۋاقتىدا كېلەلمەي قالسام مۇشۇ ‹ئۇرۇش مەيدانى›نى يىغىشتۇرىدۇ. ئىشقىلىپ كۈندە ئۆينىڭ تۈگىمەس ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. مەن ئەقلىي ئەمگەك قىلىپ چارچىسام قېيىنئاپام جىسمانىي ئەمگەك بىلەن چارچايدۇ. مۇشۇ يېشىدا شۇنچىلىك قىلماق ئوڭايمۇ...» دېگەنلەرنى ئويلاپ قېيىنئاپامنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي بەدەنلىرىنى ئۇۋۇلاپ، تۇتۇپ قويىمەن. قېيىنئاپامنى تۇتۇپ قويغۇچە بارماق، ھەتتا بىلەكلىرىمنىڭ تېلىپ ئاغرىشىدىن ئۇنىڭ قانچىلىك چارچىغىنىنى ھېس قىلىمەن. بىراق، قېيىنئاپام قىزىمنىڭ كەيسىزلىكى توغرۇلۇق ئانچە - مۇنچە سۆزلەپ قويغان بىلەن ئۆزىنىڭ قانچىلىك چارچايدىغانلىقى توغرۇلۇق پەقەت ۋايسىمايدۇ. ھەپتە ئارىلىقلىرىدا ئۇلارنى سىرتقا ئاچىقىشقا پۇرسەت بولمىغاچقا شەنبە كۈننى ئۆي تازىلاش، كىر يۇيۇش دېگەندەك ئىشلارغا ئاجراتسام يەكشەنبە كۈننى ئاساسەن قېيىنئاپام بىلەن بالىلىرىمغا ئاجرىتىمەن. ئۇلارنى يېڭى ئېچىلغان تېز تاماقخانىلارغا ئاپىرىپ ئادەتتە ئۆيدە ئېتىلمەيدىغان ھەم ئېتەلمەيدىغان يېڭىچە تاماق، قورۇمىلار بىلەن غىزالاندۇرىمەن، ئاندىن بازار ئايلاندۇرىمەن. قېيىنئاپام «ئۇنداق نەرسە ئالاي دېگەن، بۇنداق كىيىم يېڭى چىقىپتۇ» دېگەن سۆزلەرنى زىنھار قىلمىسىمۇ ئۆزۈم ئېلىپ بېرىشكە تېگىشلىك دەپ قارىغان كىيىم - كېچەك، كېرەكلىك بۇيۇملىرىنى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئېلىپ بېرىمەن. بەزى چاغلاردا «بولدى ئالمايلى، بەك قىممەتكەن، بارىنى كىيىسەممۇ بولىدۇ» دەپ ئۇنىماي تۇرۇۋالىدۇ.

قېيىنئاپام ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىمىزنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بارساق كېيىنكى قېتىم ئۇلارنى ئۆيىمىزگە تەكلىپ قىلىشىمىز، ھېچبولمىغاندا ئۇلار بىزنى ئىككى قېتىم مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلغاندا بىز بىر قېتىم بولسىمۇ ئۆيىمىزگە تەكلىپ قىلىشىمىز كېرەك، دەپ قارايدۇ. «‹بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم، بولمىسا ئوتتۇرىدا سۇن تاۋىقىم› دېگەن گەپ بار بالام. مېھماندارچىلىق دېگەنمۇ لايىقىدا بولمىسا قارشى تەرەپنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ» دېگەننى تەكرارلاپ تۇرىدۇ. دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۆيدە بولۇپلا قالساق ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان بىرقانچە بالىلىرىنى تاماققا چاقىرىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. 2 - قەۋەتتە ئىدارىمىزدىن پېنسىيەگە چىققان قېيىنئاپام دېمەتلىك بىر ئايال قوشنىمىز يالغۇز ئولتۇرىدۇ. قېيىنئاپام كەلگەندىن كېيىن ئۇلار ئۆزئارا ھال - مۇڭ بولۇشۇپ خېلى چىقىشىپ قالدى. بوران - چاپقۇن، قار - يامغۇرلۇق كۈنلەردە تاماق پىشاي دېگەندە قېيىنئاپام: «قوشنىمىز بۈگۈن تاماق ئېتەلىگەنمىدۇ، مۇشۇنداق كۈنلەردە رېماتىزىم كېسىلىم قوزغىلىپ ئىش خۇش ياقمايدۇ، دەۋاتاتتى...» دەپ قوشنىسىنى ياد ئېتىپ قالىدۇ. «ئۆز ئۆيى بولمىغاندىكىن تاماققا چاقىرىشقا خىجىل بولۇۋېتىپتۇ - دە»، دەپ ئويلايمەن دەپ دەرھال قوشنىمىزغا تېلېفون قىلىپ چاقىرىمەن. يۇرتتىكى تۇغقانلارنىڭ دوختۇرخانىغا كۆرۈنگىلى ئۈرۈمچىگە كېلىدىغانلىقىنى، دوختۇرخانىلارنى تازا بىلىپ كەتمىگەچكە ئاۋۋال بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىسا «ئۇلارمۇ ئائىلىنىڭ يوقىدىن كېلىدۇ بۇ ئۆيگە، قانچىلىك خىجالەت تارتىدىغانلىقىنى ئۆزلىرى بىلىدۇ» دەپ ئۇلارغا ھېيداشلىق قىلىدۇ. شۇڭا، مەنمۇ ئۆيىمىزگە قانداق چاغدا ئۇرۇق - تۇغقانلار كەلسە قىزغىن كۈتۈۋالىمەن.

قىسقىسى، قېيىنئاپام بىلەن بىللە ياشاش جەريانىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىم، ھېس قىلدىم. بۇرۇن ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىغان، ئۆزۈمچە يېتەرسىزلىك ھېسابلانمايدۇ، دەپ قارىغان مىجەز - خاراكتېرىمنى ئۆزگەرتتىم. قېيىنئاپىلىرى بىلەن ئەپ ئۆتەلمەيۋاتقان، ئۇلار بىلەن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىللە تۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقان ھەدە - سىڭىللىرىمغا شۇنداق دېگۈم بار: «بىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قېيىنئاپام مېنى ئۆز قىزىدەك كۆرمەيدۇ، دەپ دادلايمىز. لېكىن، ئاۋۋال ئۆزىمىزگە مەن قېيىنئاپامنى ئۆز ئاپامدەك كۆردۈممۇ، دېگەن سوئالنى قويۇپ باقتۇقمۇ؟ ‹نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن›، ‹ئەينەككە قارىساڭ ئۆزۈڭنى كۆرىسەن›. شۇڭا، ئاۋۋال قېيىنئاپىلارنىڭ ھۆرمىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىپ، ئاندىن ئۇلاردىن ئىززەت كۈتكىنىمىز تۈزۈك».

(ئاپتور: شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر گېزىت - ژۇرناللار نەشرىياتىدا)

مۇھەررىر: ئەسقەر ياسىن
ئېلخەت: askaryasin@tom.com



# ماڭا تەسىر قىلغان ئىشلار

◉ ئابلەت ئابلىكىم

## چىرايلىق ئازاب

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇستاز، — دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىتتىك كەينىمگە بۇرۇلدۇم. ئالدىمدا ئېگىز، گەۋدىلىك، خۇشخۇي بىر يىگىت كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. دەماللىققا ئۇنى تونۇيالمىدىم، ئەمما ئۇنىڭ چىرايى ماڭا بەكمۇ تونۇش ئىدى. ئۇ ئۆزىنى قىسقىلا تونۇشتۇردى. ئەسلى ئۇ مەن 10 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا دەرس بەرگەن ئوقۇغۇچۇم ئىكەن. بىز باشقىدىن قىزغىن ئەھۋاللاشتۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىنى، كېيىن ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بىز خېلى ئۇزاق مۇڭداشتۇق، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى ئەسلىدۇق.

— مۇئەللىم، مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ بىردىنلا بېشىنى ئېگىپ، ئىككى قولىنى ساڭگىلىتىپ، — 10 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ قويغانىدىم. شۇڭا بۈگۈن سىزدىن ئەپۇ سورىۋالاي، — ئۇنىڭ چىرايىدا باياقى قىزغىنلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن؟ — دېدىم ھەيران بولۇپ.

— ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدا كەچۈرگىلى بولمايدىغان ئىش بولمايدۇ.

— لېكىن، دېمەكچى بولغىنىم باشقا گەپ، — دېدى ئۇ قىزىرىپ، — بەلكىم ئېسىڭىزدا بولمىسا كېرەك، مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ كىچىك تىراكتوردا كىشىلەرگە كۆمۈر ئەكىلىپ بېرەتتىم. بىر قېتىم بىر قانچە ئوقۇتقۇچىغا كۆمۈر ئەكىلىپ بەردىم، شۇلارنىڭ ئارىسىدا سىزمۇ بار ئىدىڭىز، مەن شۇ چاغدا سىزدىن 200 يۈەننى ئارتۇق ئېلىۋالغان.

— ھېچقىسى يوق، — دېدىم ئۇنى خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، — ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار.

— ياق، مۇئەللىم، — دېدى ئۇ جىددىي ھالەتتە، — بەلكىم سىز ئۇنى بىلمەيسىز ياكى بىلگەن بولسىڭىزمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنسىز. لېكىن مەن 15 يىلدىن بېرى بۇ ئىشنى ئۇنتۇيالمىدىم. شۇ ئىشنى قىلغىنىمغا مىڭبىر پۇشايمان قىلدىم، ھەر قېتىم سىزنى كۆرگەن چېغىمدا خىجىلچىلىقتا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولىمەن. چۈنكى، ئۇستازىغا سەممىيەتسىزلىك قىلىش ۋىجدانسىزلىقنىڭ ئىپادىسى، كېيىن مەن سىزگە بۇ پۇلنى قايتۇرۇش، ئەپۇ سوراش ئويىغا كەلگەن بولساممۇ لېكىن سىزنى ئۇچرىتالماي كېلىۋاتاتتىم، مانا بۈگۈن ئۇچراپ قالدىڭىز، ئۇ شۇنداق دېدى - دە يانچۇقىدىن 200 يۈەن چىقىرىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ئارتۇقچە ئويلاپ كېتىپسەن، — دېدىم ئۇنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ، — بۇ ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار، ئۇ چاغدا سەن تېخى كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ساڭا ئۇ پۇللارنى ئۆزۈم رازى بولۇپ بەرگەن.

— مۇئەللىم، مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن تارتقان روھى ئازابىم ئاز ئەمەس، ئەگەر بۇ پۇلنى بېرىۋەتمىسەم ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ قالىدىكەنمەن، مېنى خاتىرجەم، مەردانە ياشىسۇن دېسىڭىز مۇشۇ پۇلنى ئالغان بولسىڭىز…

ئۇ ئۈستىدىكى ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەن ئادەمدەك،

يەڭگىل قەدەملەر بىلەن كېتىپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ 200 يۇەن ئۇچۇن 10 نەچچە يىل ئازابلانغانلىقى يۈرەك - باغرىمنى ئاجايىپ لەرزىگە سالدى. چۈنكى بۇنداق ئالىيجاناب روھقا ئىگە كىشىلەر جەمئىيىتىمىزدە ئانچە كۆپ ئەمەس. تېخى شۇنداق يۈزسىز قەرزدارلار باركى، ئۇلار قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرمىغانلىقى سىرتىدا قەرز ئىگىلىرىگە ھاقارەت قىلىدۇ، قەسەم ئىچىپ، تۆھمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايىدۇ.

پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، دۇنيادا مۇكەممەل شەيئى بولمايدۇ. مۇكەممەللىك ئىزدەشنىڭ ئۆزى مۇكەممەلسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئىنسان مۇكەممەللىك يارىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. ئىنسان كىشىلىك ھاياتتا خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن خالىي بولالمايدۇ. مۇھىمى خاتالىقنى تونۇش، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىش. يەنە خاتالىق سادىر قىلىشتىن ساقلىنىش. ئوقۇغۇچۇمنىڭ 200 يۇەن ئۈچۈن 10 نەچچە يىل ئازابلانغانلىقى كىچىك ئىش بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش ماڭا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ھەر قېتىم روھىمدىكى شەيتىنىم بىلەن ئېلىشقان چېغىمدا تۇيۇقسىز بۇ ئىش يادىمدىن كېچىدۇ - دە، ئىرادەم كۈچىيىپ مېنى ئىزگۈلۈك ساھىلىغا باشلاپ ماڭىدۇ.

## ھەققانىي ئايال

بۇ خېلى يىللار ئىلگىرى بولغان ئىش. ئۇ چاغدا مەن مەلۇم دېھقانچىلىق مەيدانى مىللىي ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتىم. قېيىنئاتام سوتتا مەلۇم كوللېگىيەنىڭ باشلىقى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا مۇنداق بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. قېيىنئاتام ئۆيدە ئولتۇرسا بىر ئايال ئۇنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ ئايالنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ سۈت ئالغۇچىغا ھەر كۈنى سۈت ئۆتكۈزىدىكەن. سۈت ئالغۇچى ئايدا بىر قېتىم ھېسابات قىلىپ سۈت ساتقۇچىلارنىڭ ھەققىنى بېرىدىكەن. ئۇ ئايال بىلەن سۈت ئالغۇچى بىر كۈنى جېدەللىشىپ قاپتۇ، بۇ 30 يۇەننىڭ سەۋەبىدىن بولۇپ، ئايال ئالمىدىم دېسە، سۈت ئالغۇچى ئېلىپ بولدۇڭ دەيدىكەن. بۇ مەسىلىنى ئەتراپتىكىلەرمۇ توغرا بىر تەرەپ قىلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشى چىڭقىغا چىقىپتۇ. سۈت ئالغۇچىغا غەرەزنى ئۇقتۇرالمىغان ئايال ئاخىرى ئۇنىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ بۇ ئەھۋاللارنى قېيىنئاتامغا ئېيتقاندا، قېيىنئاتام ئۇ ئايالغا 30 يۇەن ئۈچۈن سوتقا ئەرز قىلىشقا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى، سەۋەبى ئايالنىڭ ئۆتۈپ چىققان تەقدىردىمۇ ئىگە بولىدىغىنىنىڭ 30 يۇەن ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن سوتقا 300 يۇەن دەۋا ھەققى تۆلەيدىغانلىقىنى ئېيتقىپتۇ.

— مەن 30 يۇەن ئۈچۈن ئەرز قىلمايمەن، — دەپتۇ ئايال قېيىنئاتامغا قەتئىيلىك بىلەن، — ماڭا كېرىكى ھەققەت. مەن ئۇ پۇلنى ئالمىغانلىقىمنى ئىسپاتلاش، دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك غۇرۇرۇمنى ئاقلاش ئۈچۈن سوتقا ئەرز قىلىمەن.

قېيىنئاتام شۇ گەپلەرنى ماڭا دەپ بېرىۋاتقىنىدا بۇ كەمسۆز ئادەمنىڭ ئىنتايىن ھاياجانلانغىنىنى كۆردۈم. ئېھتىمال ئۇ ئۇزاق مەزگىل سوتتا ئىشلەش داۋامىدا بۇنداق غەلىتە ئەھۋالغا يولۇقۇپ باقمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بىز كۆپ ھاللاردا ماددىي مەنپەئەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىمىز، مەنىۋىيەتكە سەل قارايمىز. باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىگە زىيان سالغۇچىلار قاتتىق جازالىنىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ روھىنى، يۈرىكىنى زەخىملەندۈرگۈچىلەر بولسا ئاسانلىقچە قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىمايدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر «ھەقىقەت نەگە كەتتى» دەپ زارلىنىدۇ، لېكىن ئۆزى ھەقىقەتتە چىڭ تۇرالمايدۇ. ھەقىقەت دېگەن نېمە؟ «ئالمىنىڭ پۇرىقى» ناملىق ھېكايە بىزنى بۇ ھەقتە ئويغا سالالايدۇ:

بىر كۈنى ئوقۇغۇچىلار سوقراتتىن:

— قانداق قىلغاندا ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سوقرات قولىغا بىر ئالمىنى ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدىن ئاستا مېڭىپ ئۆتۈپتۇ. ئۇ ماڭغاچ سۆزلەپتۇ:

— زەن قويۇپ پۇراپ كۆرۈڭلار.

ئۇ مۇنبەرگە كېلىپ سوراپتۇ:

— قايسىڭلار بۇ ئالمىنىڭ پۇرىقىنى سېزەلىدىڭلار؟

بىر ئوقۇغۇچى قول كۆتۈرۈپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن سەزدىم. بىر خۇشپۇراق كېلىۋاتىدۇ.

سوقرات قولىغا ئالمىنى ئېلىپ ئوقۇغۇچىلارنى يەنە بىر قېتىم ئارىلاپتۇ ۋە:

— يەنىمۇ دىققەت بىلەن پۇراپ كۆرۈڭلار، نېمىنىڭ پۇرىقىنى سېزىۋىسلەركىن، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا، سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىمى قول كۆتۈرۈپتۇ. ئۇ ئۈچىنچى قېتىم مۇنبەردىن ئايرىلىپ يەنە شۇ گەپنى تەكرارلاپتۇ. بۇ چاغدا سىنىپتا بىر ئوقۇغۇچىدىن باشقا ھەممىيلەن قول كۆتۈرۈپتۇ. ھېلىقى ئوقۇغۇچىمۇ باشقىلارغا قاراپ بېقىپ، ئىككىلەنگەن ھالدا قولىنى كۆتۈرۈپتۇ. بۇ ئالمىنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق پۇرىقى يوق يالغان ئالما ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئويلاپ باقماپتۇ...

ھەقىقەت كۆپ ھاللاردا كۆز ئالدىمىزدىلا تۇرغان بولىدۇ. بىراق بىزدە كەم بولۇۋاتقىنى ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش. مەن ھەر قېتىم ھەق - ناھەق مەسىلىسىگە يولۇققىنىمدا ھېلىقى مەردانە ئايالنى ئەسلەپ قالىمەن. ئۇنىڭ ھەقىقەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان روھى ماڭا مەنىۋى كۈچ ئاتا قىلىدۇ.

(ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئۈچيۈن خۇيزۇ يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە)

مۇھەررىر: ئەسئەد مەسئۇدى
ئېلخەت: asatmasudi@126.com



# ھايا پەقەت ياخشىلىقلا ئېلىپ كېلىدۇ

◉ مۇھەممەدجان ئىلىنۇالدى

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرتتا نەغمە باي دەپ كاتتا بىر باي ئۆتكەنىكەن. نەغمە باي كاتتا باي بولسىمۇ، بىر قېتىملا توي قىلغان بولۇپ، ئايالى بىلەن ناھايىتى ئىجىل - ئىناق ئۆتىدىكەن. ئۇلار 17 يىل بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بالىلىق بولالماپتۇ. نەغمە باي 40 ياشقا كىرگەندە، ئۆزى ئۆلسە چىرىغىنى ياندۇرىدىغان، مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ يوق بولۇپ قېلىشىدىن غەم قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. باينىڭ غەم - قايغۇدا يۈرۈۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئايالى بىر كۈنى:

— دادىسى، سىلى خېلى ۋاقت بولدى غەم - قايغۇدا يۈرۈۋاتىدىلا، سىلىگە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

نەغمە باي ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئايالىغا ئوچۇق ئېيتىپ:

— مەن بالىمىزنىڭ يوقلۇقىغا قايغۇرۇۋاتىمەن، بالىمىز بولمىسا، بىز قېرىساق ھالىمىزدىن كىم خەۋەر ئالار، دەپ غەم قىلىدىغان بولۇپ قالدىم،- دەپتۇ.

ئايالى نەغمە باينىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— تۇغۇپ ئالمىغۇچە بالا بولماس دەپتىكەن، مەن سىلىگە بالا تۇغۇپ بېرەلمىدىم، شۇڭا سىلى يەنە بىر خوتۇن ئالسىلا، ئاللاھ بۇيرىسا سىلىنىڭ بۇ ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئېشىپ قالار،- دەپ مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ.

ئەر - خوتۇن ئىككەيلەن بۇ ئىش توغرىلىق كۆپ مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئاخىرى نەغمە باينىڭ ئايالى ئۆزى ئەلچى بولۇپ، نەغمە بايغا شۇ يۇرتتىكى كاتتا بىر باينىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. نەغمە باي ئىككىنچى قېتىم توي قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ھەر ئىككى ئايالى ھامىلدار بوپتۇ. نەغمە باي بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوبدان كۈتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاي - كۈنى توشۇپ بىردىن ئوغۇل تۇغۇپتۇ. نەغمە باي ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئايالى بۇنىڭدىن ئالەمچە خۇشال بوپتۇ. لېكىن نەغمە باينىڭ كىچىك ئايالى بۇ ئىشقا خۇشال بولماي، نەغمە باينىڭ چوڭ ئايالىغا ھەسەت قىلىپ، ئۆچمەنلىك ساقلاپ يۈرۈپتۇ. بۇنى سەزگەن نەغمە باي ئاياللىرىغا ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ نەغمە باينىڭ كىچىك ئايالىنىڭ قەلبىدىكى ھەسەت ئوتى كۈچىيىپ، مال - مۈلۈكنى كۆزلەپ، نەغمە باينىڭ چوڭ ئايالىنى كۆزدىن يوقىتىشنى ئويلاپتۇ. نەغمە باي سودىغا كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى ئۇ ناھايىتى كۆپ مەي ئىچىپ مەست بولۇپ، ئۆزىنىڭ بالىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاندىن بالىنىڭ جەسىتىنى نەغمە باينىڭ چوڭ ئايالىنىڭ ھويلىسىغا تاشلاپ قويۇپتۇ. ئەتىسى ئۇ:

— نەغمە باينىڭ چوڭ خوتۇنى مېنىڭ بالامنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، — دەپ تۆھمەت قىلىپ، يۇرت پادىشاھىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز- شىكايەت قىپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نەغمە باينىڭ چوڭ ئايالىنى چاقىرىپ كېلىپ، سوراق قىلىپ قورقۇتۇپ:

— راست گەپ قىل، بولمىسا ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن، — دەپ تەھدىت سېپتۇ.

نەغمە باينىڭ چوڭ ئايالى ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە قەسەم ئىچىپ، بالىنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىنى پەقەت بويىنىغا ئالماپتۇ. ئاخىرى پادىشاھنىڭ كۆڭلىدىن بىر ئوي كېچىپتۇ- دە:

— ئەگەر سەن مېنىڭ ئالدىمدا كىيىم - كېچەكلىرىڭنى سېلىپ، ئاندىن تۇغما ھالەتتە قېپيالىڭاچ بولالىساڭ سۆزۈڭگە ئىشىنىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ:

— مەن ئۆلۈشكە رازىكى، يات ئادەملەرنىڭ ئالدىدا يالىڭاچ بولمايمەن، يات ئادەملەرنىڭ ئالدىدا يالىڭاچ بولۇش ماڭا ئۆلۈمدىن ئېغىر، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭ جاۋابىدىن گۇناھسىزلىقىنى بىلىپ، نەغمە باينىڭ كىچىك ئايالىنى چاقىرىپ:

— سەن بۇ ئايالنى بالامنى ئۆلتۈردى دەپ ئەرز قىلدىڭ، ئەگەر گېپىڭ راست بولسا، مېنىڭ ئالدىمدا قىپيالىڭاچ بولالىساڭ، سۆزۈڭگە ئىشىنىمەن، — دەپتۇ.

نەغمە بايىنىڭ كىچىك ئايالى ھېچبىر ئويلانماستىنلا يېشىنىپ قىپيالىڭاچ بوپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ئۇنى دەرھال دار ئاستىغا ئېلىپ بېرىشقا ھۆكۈم قىپتۇ. پادىشاھنىڭ ھۆكۈمنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ۋەزىر- ۋۇزرالار:

— ئەي پادىشاھ، بۇ قانداق ھۆكۈم؟ — دەپ سورىشىپتۇ. پادىشاھ:

— بىرىنچى ئايال، ئۆزىنىڭ شەرمى- ھاياسىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆلۈشكە رازى بولدى، بۇ ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقىنى بىلدۈردى، ئىككىنچى ئايال ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ شەرمى- ھايانى ئۇنتۇدى، بۇ ئۇنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ، ئۇنىڭدىن ھايا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەچكە، ھايا ئورنىغا بالا كەلدى، — دەپتۇ. ۋەزىر- ۋۇزرالار نەغمە بايىنىڭ كىچىك ئايالىنى قايتا قاتتىق سوراق قىلغانىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىنى ئىقرار قىپتۇ. بۇ كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۈچۈن ئۇ ئايال سازايى قىلىنىپ دارغا ئېسىلىپتۇ. بۇ ئىش ئەل ئىچىگە تاراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەل ئىچىدە: «ئادەمدىن ھايا كەتسە، ئورنىغا بالا كېلەر» دېگەن ماقال پەيدا بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ...

بۇ ھېكايەتتىن ئايانكى، ھايا شۇ قەدەر پاك تەبىئەتلىك مەھبۇبتۇركى، ئۇنىڭدىن ئىنسانغا تولۇق مەنپەئەت يېتىدۇ. ئۇ تەبىئىتى ۋە كۆڭلى پاك بولمىغان ھەر قانداق بىرىگە رام ۋە ئۈلپەت بولمايدۇ، ئۆزىگە ھەرگىز يېقىنلاشتۇرمايدۇ ۋە ئىلتىپات كۆرسەتمەيدۇ.

ھايانى تۆۋەندىكى بىر قانچە كىچىك تۈرگە بۆلۈپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە بولىدۇ:

## بىرىنچى، ئۆز - ئۆزىدىن ھايا قىلىش.

ئۆز- ئۆزىدىن ھايا قىلىش ماھىيەتتە ۋىجداندىن ھايا قىلىش، ۋىجدان بۇيرۇقى بىلەن ئىش قىلىش دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، دانىشمەنلەر ئېيتقانكى: «ئۆزۈڭدىنمۇ خۇددى باشقا ئادەملەردىن ئۇيالغاندەك ئۇيىلىشىڭ ۋە ھەر ۋاقىت، ھەر قانداق جايدا باشقىلارنىڭ بىلىشى ۋە بىلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر يامان ئىشلاردىن ئۆزۈڭنى تارتىشىڭ كېرەك. ئەمما، ھەممىدىن كۆرە ئۆز ۋىجدانىڭدىن نومۇس قىل.» بۇ ھېكمەتتىن ئايانكى، ۋىجدان - ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ بىغۇبار بۇلىقى، پەزىلەت مەنىۋىيىتىدىن يورۇغان چىراغ، ۋۇجۇدىمىزدىكى ئەقىل دانىشمىنى ۋە ئەخلاق سودىيەسى. ۋىجدان - نومۇس ئەينىكى، ئىنسانلىق كىنىشكىسى. شۇنداقلا ئۇ قەلبىنىڭ سۈزۈكلۈكى ۋە پاكلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان مەنىۋى قورغان، ياخشىلىقنى يامانلىقتىن پەرقلەندۈرىدىغان، ياخشىلىققا ئۈندەيدىغان كۈچلۈك قۇۋۋەتتۇر. بۇ ھەقتە ئابدۇللا ئەۋلانىي مۇنداق دەيدۇ: «ۋىجدان روھىمىزغا، پىكرىمىزگە تەسىر قىلىدىغان ھېسسىيات، يەنى سەزمەك، تۇيماقتىن ئىبارەت مەنىۋى قۇۋۋەتنى كۆرسىتىدۇ... ۋىجدان ئىنسان ئەقلى ۋە پىكىرىنىڭ ھەقىقىي تارازىسىدۇركى، كىشى بۇ تارازا بىلەن ئۆز كەمچىلىكلىرىنى ئۆلچەپ بىلىشتىن تاشقىرى، يەنە ئۆزگىلەرنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنىمۇ سېزىدۇ ۋە ھېس قىلىدۇ... ۋىجدان ياخشى خۇلقلارنىڭ مەنبەسى، ۋىجدان ئىگىلىرى ھەربىر ئىشنى غەرەزسىز، خالىس نىيەت بىلەن ئىشلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەر كىم نەزىرىدە مەقبۇل ۋە سۆيۈملۈك بولىدۇ.» («ئەدەپنامە» ناملىق كىتابتىن) ۋىجداننىڭ مېۋىسى بولغان ھايا ئىنساننىڭ قەلب گۈلزارلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى، ھەق - ناھەق مەسىلىسىدە ھەققەت تەرەپتە تۇرۇشنى، ۋاپادارلىق، پىداكارلىق، راستچىللىق، مېھرىبانلىق، دادىللىقتەك پەزىلەتلەرنى ياشاش مىزانى قىلىشنى، ئەل - يۇرت، ۋەتەن مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈشنى، ئەل - يۇرتقا تۇزكورلۇق قىلماسلىقنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئۆلچەم تارازىسى قىلىدۇ. ئادەم دېگەن ئۆزىنىڭ ھاياسى، غۇرۇرى ۋە ۋىجدانى بىلەن ناھايىتى قۇدرەتلىك، ئەگەر ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولغاندا، ئادەمدىن بەتبەشىرە، نەپرەتلىك، ئاجىز، زەئىپ مەخلۇق بولماي قالىدۇ. ئادىمىلىك ئىززەت- ئابرۇيى بىلەن ئادەم تاغدەك يۈكسەك بولسا، ئادىمىلىك ئىززەت- ئابرۇيىنى يوقاتقاندا خۇددى كېرەكسىز خەسكە ئوخشاش پەس بولىدۇ.

ۋىجداننىڭ بۇلغانغانلىقى ھايا - نومۇسنىڭ سۇسلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى. بىر ئادەمنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسى ئۇنىڭ ۋىجدانىنىڭ يوقالغانلىقىدىن ئارتۇق بولمايدۇ. ۋىجدان بۇلغانسا، ئادەم مەۋقەسىز، ئىشەنچسىز، جاسارەتسىز، ھايا- نومۇسسىز بولۇپ قالىدۇ. ئار - نومۇسنى يوقاتقان ئادەمدە ئىپپەت تۇيغۇسى، ھايا قارشى بولمايدۇ. ئېنىقكى، ھاياسىز ئادەم تىرىك موردا، كېرەكسىز ئەخلەتتۇر. بۇ ھەقتە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى بىر رۇبائىيسىدا:

«ئەجەب بىر گۆش ئىكەن يۈرەك دېگەن،
ھەر تەندە ئۇ ھەر خىل ھېس قىلار ئىكەن.
ئەگەر ئۇ ئىچمىسە ۋىجدان شارابىن،
ئىلغىدا ئېسىقلىق سېسىق گۆش ئىكەن.»

دەپ يازىدۇ. دېمەك، «ۋىجدانى يېگىلى بولمايدۇ، ئەمما ۋىجدانسىز ئادەم ھەممىنى يەۋېتىدۇ.» (ۋېكتور ھيوگو) ۋىجدانسىزلىق كىشىنىڭ قەدىر - قىممىتى، ئىززەت - ئابرۇيىنى تۆۋەنلىتىپ، ئازغۇنلۇققا، خار - زەبۇنلۇققا باشلايدۇ. شۇڭا «ۋىجدانىڭ بۇيرۇمىغان ھەر قانداق نەرسىدىن ئۆزۈڭنى تارت.» (تولستوي) ۋىجدانسىزلىقنى «باشقىلار كۆرمىدى، ئۇقماي قالدى ياكى ھېچكىم بۇنى سېزەلمەيدۇ» دەپ قىلىۋالغان كىشى ھامان بىر كۈنى بىئاراملىق، ۋىجدان ئازابى ئوتىدا پۇچىلانماي قالمايدۇ. ۋىجدانى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان ئادەم مەڭگۈ خار بولمايدۇ، ۋىجدان كىشىنى پەزىلەت بېغىغا باشلاپ، گۈزەل ئىقبال مەنزىلىگە يەتكۈزىدۇ. ۋىجدانلىق كىشى ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنچ چىرىغى يېقىپلا قالماي، ئەل - جامائەت ئارىسىدىمۇ ئىشەنچكە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق كىشىنىڭ

www.uyghurkitap.com

يولى ئوچۇق، سۆزى ئۆتۈملۈك ۋە ھەربىر ئىش - ھەرىكەتلىرى مەنپەئەتلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق بىر ھېكايەت بار:

ھارۇن رەشىد بىر كېچىسى كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. بىر ئۆينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر خوتۇننىڭ ھويلىدا قىزى بىلەن جاڭجاللىشىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ۋە ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق ساپتۇ. شۇ چاغدا خوتۇن قىزىغا ئاچچىقلىنىپ:

— نېمىشقا مەن بىلەن تاكاللىشىسەن؟ ئەتە ساتىدىغان سۈتىمىزگە ئازراق سۇ قوش، — دەپتۇ. قىز رەت قىلىپ:

— خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ھەممە سۈتچىلەرگە سۈتكە سۇ قوشۇپ ساتماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ - دەپتۇ.

— نېمىشقا ۋالاقلايسەن؟ سۇ قوش دېدىممۇ قوشۇۋەر، بىزنىڭ سۇ قوشقان - قوشمىغانلىقىمىزنى خەلىپە ھارۇن نەدىن بىلىدۇ؟ — دەپتۇ ئانىسى زەردە بىلەن.

— ئانا، خەلىپە سۈتكە سۇ قوشقىنىمىزنى كۆرمىگىنى بىلەن، ۋىجدانىمىز كۆرۈپ تۇرۇپتۇغۇ! ۋىجدانىمىزنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلايلى، ۋىجدانسىزلىق قىلمايلى، — دەپتۇ قىز ئانىسىنىڭ سۆزىنى يەنىلا رەت قىلىپ.

سۈتچى قىزنىڭ سۆزىگە خەلىپە ھارۇن رەشىد بەكمۇ زوقلىنىپتۇ. ئاشۇ نومۇسلۇق، ۋىجدانلىق قىزنى ئۆزىگە كېلىن قىلىۋالماقچى بوپتۇ - دە، سارايغا قايتىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، شۇ قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە ۋىجدانلىق بىر كېلىنگە ئىگە بوپتۇ.

بۇ ھېكايەتتىن ئايانكى، ھايا ۋە ۋىجداننى بۇلغايدىغان ۋە سۇسلاشتۇرىدىغان تۇرغۇن ئامىللار بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىم ئامىل مەنپەئەتپەرەسلىك بىلەن نەپسانىيەتچىلىكتۇر. ھايانىڭ چەكلەش كۈچى ئىنساننى نۇرغۇن يامان ئىشلاردىن توسۇپ قالىدۇ، ئاچ كۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك كەينىگە كىرىپ ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىش، باشقىلارنى ئالداش، ئاق - قارىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش... قاتارلىق ئادىمىلىككە يات بولغان ناچار قىلىق، يامان ئىللەتلەردىن چەكلەيدۇ.

## ئىككىنچى، ئاتا - ئانىلاردىن ھايا قىلىش.

ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان مۇھەببىتى دۇنيادىكى ھەر قانداق مۇھەببەتلەردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئەڭ پاك مۇھەببەتتۇر. بىر ئانىنىڭ پەرزەنت ئۈچۈن تارتقان جەبىر - جاپا، مۇشەققەتلىرى ئاز ئەمەس. ئانا بىر پەرزەنتكە ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرىدۇ. نەچچە ئايلاپ سىرلىق ئازابنى تارتىدۇ. ئاي - كۈنى توشقاندا ئاچچىق تولغاق يەپ، ئۆلۈم ئازابىنى باشتىن كەچۈرۈپ كۆزى يورۇيدۇ. شۇ پەرزەنت ساق - سالامەت تۇغۇلغاندا ئانا بولغۇچىنىڭ قانچىلىك خۇشال بولىدىغانلىقىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش تەس. ئاتا كۈن - تۈن ھەرىكەت قىلىپ، تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن پۇل - مال تېپىپ، ئۆزى يېمەي - ئىچمەي، كىيمەي پەرزەنتلىرىگە يىگۈزۈپ، ئىچكۈزۈپ، كىيگۈزۈپ مىڭبىر جاپا - مۇشەققەت بىلەن پەرزەنتلەرنى قاتارغا قوشىدۇ. ئاتا - ئانىلار بىر ئۆمۈر پەرزەنتلەرنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىپ، پەرزەنتلەرنىڭ شادلىقى بىلەن شادلىنىپ، پەرزەنتنىڭ قايغۇسى بىلەن قايغۇرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بارلىق ئۇلۇغلۇق ۋە شان - شەرەپ ئاتا - ئانىلارغا خاس بولۇپ، ئۇلۇغلۇقتا ئاتا - ئانىلارغا تەڭداش يەنە بىر ئىنسان تېپىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماي ۋاپاسىزلىق قىلىشتىن، ئۆزلىرىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە تۇزكورلۇق قىلىشتىن ھايا قىلىشى كېرەك.

## ئۈچىنچى، ئەل - جامائەت، چوڭلاردىن ھايا قىلىش.

ئەل - جامائەتتىن تەپ تارتىپ ھېيىقىش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ ھايا قىلىش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق، شۇنداقلا ھەربىر كىشىدە چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل خىسلەت. خەلقىمىز ئارىسىدا: «قېرىنى قاپتا ساقلاڭ، ئۆلۈكنى ھەپتە ساقلاڭ»، «قېرىسى بار ئۆينىڭ كىتابى بار» دېگەنگە ئوخشاش ماقال - تەمسىللەر بار. دېمەك، چوڭلارنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى كۆپ، بىلىدىغىنى ھامان باشقىلاردىن جىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلار ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىلەرمەنلىك، مەنمەنچىلىك قىلىشتىن ھايا قىلىشىمىز، ئىش - ھەرىكەت، گەپ - سۆز ۋە ھەربىر يۈرۈش - تۇرۇشىمىزدا ئۇلارنىڭ تەكلىپ - پىكىرلىرى، كۆرسەتمىلىرىنى مۇھىم پايدىلانما قىلىشىمىز، ئۇلارنى ۋەتەن، مىللەتنىڭ «ئەتىۋارلىق گۆھىرى» دەپ قاراپ ئۇلاردىن ھايا قىلىشىمىز كېرەك. بىر دانا زات كىشىلەردىن شۇنداق سوراپتۇ:

— ياپراقلىرى قىشمۇ - ياز تۆكۈلمەيدىغان، مېۋە بېرىشتىن توختاپ قالمايدىغان، سايىسى يوقالمايدىغان، مەنپەئەتى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، ھەر ۋاقىت مېۋە بېرىدىغان، سالىھ كىشىنىڭ تەبىئىتىگە ئوخشايدىغان بىر دەرەخ بار، ئۇنىڭ قايسى دەرەخلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىلەر؟

شۇ سورۇندا ئولتۇرغان بىر ياش يىگىتنىڭ كۆڭلىگە دەرھاللا ئۇ دەرەخنىڭ خورما دەرىخى ئىكەنلىكى كېچىپتۇ. لېكىن سورۇندا ياشتا چوڭ، ئۆزى ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەر بولغاچقا، ياش يىگىت ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتى تۈپەيلى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ گەپ قىلىشتىن ئۆزىنى توسۇپتۇ ھەم شۇنداق قىلىشتىن ھايا قىلىپتۇ.

قاراڭ، مانا بۇ ئەخلاق، مانا بۇ ھەقىقىي مەنىدىكى ھايا.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ھايا ھەممە ئادەمگە، ھەممە ئىشقا يارىشىدۇ. ھايا ئىنساني كامىللىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، خۇددى يىلتىزسىز دەرەخ، قوۋزاقسىز شاخ تېزلا قۇرۇپ ئوتۇنغا ئايلانغاندەك ، ئىنساندا ھايا بولمىسا قەدىر - قىممىتى يوقايدۇ، دۇنيادا خارلىقتا، پەسلىكتە ياشايدۇ.

(ئاپتور: پەيزىۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتوقاي كەنتىدە، دېھقان)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com



# تۇنجى كۆرۈشۈش، مەڭگۈلۈك ئۆكۈنۈش

● مەھمۇتجان يانتاق

مۇھەممەد باغراش ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ بەلگىلىك دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مول تۇرمۇش تەجرىبىسىنى ئاساس قىلغان تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە يېزىش ئۇسلۇبى بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدا ناھايىتى تېزلا كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە ھېكايە ـ پوۋېستچىلىق ساھەسىدىكى سەمەرىلىك ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىپ، ھەممىمىزنىڭ قەلب تارىنى ماھىرلىق بىلەن چېكەلىگەن يازغۇچىغا ئايلانغان.

مۇھەممەد باغراشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئاساسلىقى ئىجادىيىتىدە ئەنئەنىۋى رېئالىزم بىلەن باشلانغان سېھرىي رېئالىزمنى ۋايىغا يەتكۈزۈشتە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداقلا سېھرىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭدا بەلگىلىك دەرىجىدە ئۇتۇق قازىنىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇ بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت خاھىشىنى بەلگىلەپ نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدە بۈيۈك ئابىدىسىنى تىكلىگەن يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى.

مۇھەممەد باغراش ئۆز نۆۋىتىدە مېنىڭ قەلبىمدىمۇ بۈيۈك ئابىدە تىكلىگەن يازغۇچى ھېسابلىنىدۇ. مەن مۇھەممەد باغراشنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى ئېسىل ۋە تاتلىق ھېكايىلىرىدىن ئىستېتىك زوق ئالغان ۋە بەھرىلەنگەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىرى ئىدىم. شۇ ۋەجىدىن مۇھەممەد باغراش ئاكىغا قەلبىمدە چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە يۈكسەك ئەقىدە بار ئىدى.

دۇرۇس، ئىنسان ھاياتىدا نۇرغۇن كىشىلەرگە ھۆرمەت ۋە ئەقىدە قىلىدۇ. ئاشۇ ھۆرمەت ۋە ئەقىدىنىڭ يىلتىزى شۇ كىشىنىڭ يۈرىكىدە يېتىلگەن بولىدۇ. يىلتىزنىڭ چوڭقۇرلۇقى شۇ كىشىنىڭ ھۆرمەت بىلدۈرۈش يولى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا باغلىق، ئەلۋەتتە.

2013 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «يازغۇچىلار تورى»دىن «يازغۇچى مۇھەممەد باغراش ۋاپات بولدى» دېگەن شۇم خەۋەرنى ئوقۇپ كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولدى. يۈرىكىم ھەسرەتتىن ئۆرتىنىپ، مۇھەممەد باغراش ئاكىنىڭ ئاخىرەتلىكىنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى چىن دىلىمدىن تىلىدىم.

مەن مۇھەممەد باغراش ئاكىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا تونۇشقانىدىم. شۇ چاغدا دەرسلىكىمىزدە مۇھەممەد باغراش ئاكىنىڭ «نۇر»، «ئالىمچى» قاتارلىق ئېسىل ھېكايىلىرى بار ئىدى. شۇ چاغلاردا ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك ئىشتىياقىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇ ئەسەرلەرنى مۇئەللىم دەرس ۋاقتىدا ئۆتۈشتىن بۇرۇنلا ئوقۇۋالغانىدىم. بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەنىۋى ھۇزۇرى روھىمغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنىدى. شۇ قاتاردا ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد باغراش ئاكىمۇ مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. كېيىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كېلىپ، ئەدەبىيات دەرسلىكىمىزدىكى «سەپداش» ناملىق ھېكايىنى ئوقۇدۇم. نېمە ئۈچۈندۇر ھېكايىدىكى پېرسوناژنىڭ ئىسمى مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئوخشاش چىقىپ قالدى. شۇ چاغدا ھېكايىدە خۇددى مېنى يازغاندەكلا بىر خىل پۇراقنى ھېس قىلغان ۋە ھېكايىدىكى «مەخمۇت» دەپ يېزىلغان پېرسوناژنىڭ ئىسمىغا خۇددى ئۆزۈمنىڭ ئىسمىدەك تۇيۇلۇپ، سىنچىلاپ قاراپ كەتكەنىدىم. ئەسەرنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىمۇ ماڭا تەسىر كۆرسىتىپ، مۇھەممەد باغراشقا كۆڭلۈمدە ئالاھىدە مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىق ئويغاتقانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل ھالدا مۇھەممەد باغراش ئاكىنىڭ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىنى تېپىپ ئوقۇيدىغان بولدۇم. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانسېرى بۇ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىستېداتىغا قايىللىقىم ئېشىپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم چوڭقۇرلاپ باردى.

كېيىن خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا باردىم. ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدا باغراش ئاكىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزدەپ ـ سوراپ ئوقۇپ، ئەسەر ھەققىدە ساۋاقداشلىرىم بىلەن بەس ـ مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باراتتىم. بەزىدە ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بىلەن مۇھەممەد باغراشنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ، بۇ يازغۇچىمىز-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نىڭ ئەسەرلىرىنى چۈشىنىشكە تېخىمۇ ئىنتىلەتتىم. ئويلاپ باقسام، ئاشۇ چاغدا ئوقۇغان «ئاپپاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى»، «ئېگىز بىناغا ياندىشقان بوتكا»، «يۈرەكتاغ»، «ياۋا ئەتىرگۇل»، «ئاھ، شوپۇر، ئاھ، قىز»، «ئاقساق بۇغا»، «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت»، «كەلكۈن»، «زەيتۇنە»... قاتارلىق ئېسىل ئەسەرلىرىنىڭ تۈز-تەمى ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

دۇنياۋى شۆھرەتلىك يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوف: «يازغۇچى — دەۋرنىڭ ۋىجدانى» دەپتىكەن. ئايتماتوف بۇ گېپىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ماھىيەت ۋە خاسلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتىنى قازالغان ۋە رېئاللىقنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرەلىگەن يازغۇچىلارنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. مۇھەممەد باغراش ئاكىمۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە خەلقىمىزنىڭ رېئاللىقنى ئۆزىگە خاس يول ۋە ئۇسلۇب بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەۋرنىڭ ۋىجدانىغا ئايلىنالىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئىقتىدارلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا خەلقىمىز ئۇنى بىر خىل پەخىر ۋە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، نامىنى زىكرى قىلىدىغان ھالەت شەكىللەنگەنىدى. باغراش ئاكىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ يەكۈنى بولغان ھەر خىل تەپەككۇر، ئويلىنىش ۋە قىزىقىشلارغا مۇپتىلا بولغان، نۇرغۇن سوئاللارىغا يازغۇچى بىلەن يۈزتۇرا پاراڭلىشىپ، جاۋاب تېپىۋېلىش ئارزۇسىدا يۈرگەنلەرمۇ كۆپ ئىدى.

مېنىڭ قەلبىمدىمۇ شۇنداق بىر ئارزۇ بار ئىدى. شۇڭا مەندە مۇھەممەد باغراش ئاكا بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىمنى ئورتاقلىشىش، تۈگۈن بولۇپ قالغان مەسىلەلەرنى سوراپ ھەل قىلىۋېلىش ئىستىكى يالقۇنجايتتى. ماڭا بۇ پۇرسەت بىر قېتىم نېسىپ بولغانىدى.

2012 - يىلى 8 - ئايدا ئاتۇشتىكى شائىر ئاكىمىز نەسرۇللا ئابلەتنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئاتۇشتا ئۆتكۈزۈلگەندە بۇ يازغۇچىمىز بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. شۇ چاغدا يىغىن ئاخىرلىشىپ، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىدىن بىر قىسىملار بىر يەرگە جەم بولۇپ ئەنجۈمەن ئۆتكۈزۈۋاتقانىكەن. مەن تاسادىپىي پۇرسەتتە گۇمىدىكى شائىر ئاكىمىز ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرۇكنى ئىزدەپ خىزمەتدىشىم قۇربان ئابلىمىت، شائىر دوستۇم ئابدۇقەييۇم ئەيسا يازقۇتلار بىلەن بىرلىكتە ئاتۇشقا چىققاندۇق. شۇ چاغدا مەلۇم بىر زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن شۇ ئەنجۈمەنگە كىرىشىمىزگە توغرا كەلدى. بۇ سورۇندا مۇھەممەد باغراش ئاكىمۇ بار ئىكەن. بۇ مېنىڭ مۇھەممەد باغراش ئاكىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى.

بىز كېچىكىپرەك كەلگەن بولغاچقا، سورۇننىڭ تازا ئەۋجىگە چىققان پەيتىگە ئۇلگۈرۈپتۇق. شۇ سورۇندا بىز مۇھەممەد باغراش ئاكا، پېشقەدەم يازغۇچى مەتقاسىم ئابدۇراخمان، يازغۇچى ئارسلان تالىپ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بەگمەت يۈسۈپ، «كىروران» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئۆمەر مۇھەممەدئىمىن، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك، ھەزرەتئېلى ئەخەت، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئىشلەۋاتقان قاھار نىياز، «مىراس» ژۇرنىلىدا ئىشلەۋاتقان مۇختار مۇھەممەد، ئاتۇشتىكى مۇھەممەدجان سەيدۇللا ۋە مۇتىللا قىرانى بورتالادىن كەلگەن شائىر بۇرادىرىمىز ئەكبەر ئىمام كۆكبۆرە قاتارلىق شائىر - يازغۇچىلار ۋە مۇھەررىرلەر بىلەن ئۇچراشتۇق. ئۇلار بىلەن قىزغىن پاراڭلار بولدى. چاقچاقلار ئەۋجىگە چىقىپ، ھەممىمىزنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. شۇ سورۇندا مۇھەممەد باغراش ئاكا دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى. ئۆمەر مۇھەممەدئىمىن كىروران قىزىق يۇمۇرلىرى بىلەن ھەممىمىزنى تېلىقتۇرۇپ كۈلدۈردى. مەن قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە ئولتۇراتتىم. مۇمكىن بولسا مۇھەممەد باغراش ئاكىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر دەم بولسىمۇ پاراڭلىشىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما ماڭا ئۇنداق پۇرسەت بولمىدى.

بىز ئىنسانلار كۆپىنچە ئىشلارنى كېيىنگە قالدۇرۇپ قويۇپ نۇرغۇن پۇرسەت ۋە پەيتنى ئۆتكۈزۈۋېتىدىكەنمىز. كېيىن شۇ ئىشنى قىلىشنى ئويلىغان ياكى شۇ ئىشقا كىرىشكەن ۋاقتىمىزدا بۇنىڭغا پۇرسەت ۋە مۇمكىنلىك يوق بولۇپ قالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن قەلبىمىزدە ھەسرەت قالىدىكەن، پۇشايمان قىلىدىكەنمىز. مەنمۇ مانا مۇشۇنداق بىر ھەسرەتنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالدىم. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەد باغراش ئاكا بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇۋېلىش ۋە پاراڭلىشىش ئويۇمنى كېيىنگە قالدۇرۇپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم يۈز كۆرۈشكىچە ئۇ بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىپ ئارىمىزدىن كەتتى.

شۇ چاغدا بىز كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن ئولتۇرۇپ، ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قاپتىكەنمىز. مۇھەممەد باغراش ئاكا ئۆزىنىڭ چارچاپ قالغانلىقىنى، ئارام ئالغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپ، سورۇندىكىلەردىن ئۆزرە سوراپ چىقىپ كەتكەنىدى. بۇ سورۇنغا كىرىپ شۇنچە كۆپ كىشىلەر بىلەن تونۇشقىنىمغا كۆڭلۈم شۇنداق خۇش بولغان بولسا، مۇھەممەد باغراش ئاكا بىلەن بىر دەم بولسىمۇ مۇڭدىشالمىغىنىمغا كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم بولغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد باغراش ئاكا بىلەن ئۇچرىشىش پۇرستى نېسىپ بولمىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم پاراڭلىشىۋېلىش ئارزۇسى قەلبىمدە تېپتىنچ ھالدا قالدى. مانا بۈگۈن بۇ ئارزۇيۇم پۈتۈنلەي كۆپۈككە ئايلاندى. چۈنكى، ئۇ ھەممىمىزنى ھەسرەتتە قالدۇرۇپ ئارىمىزدىن كېتىپ قالغانىدى.

شۇ قېتىم مۇھەممەد باغراش ئاكا بىلەن ئۇچراشقانلىقىم قەلبىمدە ھەم سۆيۈنۈش، ھەم ئۆكۈنۈش سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالدى. سۆيۈنۈشۈم، چىن قەلبىمدىن ھۆرمەت قىلىدىغان بۇ يازغۇچىنى يۈزتۇرا كۆرگەنلىكىم بولسا، ئۆكۈنۈشۈم، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش، ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىگە بولغان يۈكسەك ھۆرمىتىمنى ئىككى ئېغىز بولسىمۇ ئىپادىلىيەلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىم ئىدى...

(ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە)

مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئېلخەت: qashtash@126.com

# شانلىق مۆجىزە - ئېيفېل تۆمۈر مۇنارى

تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم



ئېيفېل تۆمۈر مۇنارى فرانسىيەنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى سېنا دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى مارس مەيدانىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ خۇددى پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى، لوۋىر سارىيى ۋە زەپەر دەرۋازىسىغا ئوخشاشلا، پارىژنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى. ئەگەر بۈۋى مەريەم چېركاۋىنى قەدىمكى پارىژنىڭ سىمۋولى دېسەك، ئۇنداقتا ئېيفېل تۆمۈر مۇنارى ھازىرقى پارىژنىڭ سىمۋولىدۇر.

ئېيفېل تۆمۈر مۇنارى يېڭى سەنئەت ئېقىملىرىغا ئوخشاشلا، ياۋروپانىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كلاسسىزملىق ئەنئەنىدىن مودېرنىزمغا ئۆتۈشكە باشلىغان ئۆتكۈنچى دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ، 19 - ئەسىردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىشىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى بۇرۇلۇش مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن مودېرنىزملىق ئەسەر بولۇپ، كلاسسىك گۈمبەز تۇرۇسلۇق ئۇسلۇبقا قارشى ھالدا لايىھەلەنگەن.

1875-يىلى، فرانسىيە 3 - جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1789 - يىلىدىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ 100 يىللىقىنى تەنتەنىلىك خاتىرىلەشنى قارار قىلىپ، 1889 - يىلى پارىژدا دۇنيانى زىل - زىلىگە سالغۇدەك بىر قىممەتلىك خەلقئارالىق يەرمەنكە ئۇيۇشتۇرماقچى بولدى. پارىژدا ھەيۋەت بىر ئېگىز مۇنار ياساپ چىقىش — بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇھىم تۈر ئىدى. 1889 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سائەت 11 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، ئېيفېل خەلقئارالىق يەرمەنكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئۆز قولى بىلەن لېنتا كېسىپ، فرانسىيە دۆلەت بايرىقىنى تۇنجى قېتىم 300 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھاۋا بوشلۇقىغا چىقاردى. يەرمەنكىدە ئېيفېل تۆمۈر مۇنارى كىشىلەرنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان كۆرگەزمە بويۇمى بولۇپ قالدى. ئۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيا سانائەت ئىنقىلابىنىڭ سىمۋولى ئىدى. بۇ ئېگىز پولات قۇرۇلمىلىق مۇنارنى ياسىغۇچىنىڭ دۆلەتكە قوشقان تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ۋە ئۇنىڭ نامىنى مەڭگۈلۈك ئەستە ساقلاش ئۈچۈن، كىشىلەر بۇ مۇنارغا «ئېيفېل تۆمۈر مۇنارى» دەپ نام بەردى، ھەمدە مۇنارنىڭ ئاستىغا ئېيفېلنىڭ يېرىم بەدەن مىس ھەيكىلىنى ياسىدى.

1887 - يىلىدىكى پارىژ دۇنيا يەرمەنكىسىگە قاتناشقان 25 مىليون ساياھەتچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئېگىزلىكى 300 مېتىر كېلىدىغان ئېيفېل تۆمۈر مۇنارى ئەڭ زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە دۇنياۋى مۆجىزە بولۇپ، دۇنيا بىناكارلىق قۇرۇلۇش تېخنىكىسى تەرەققىياتىدىكى زور مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلىناتتى. چۈنكى ئۇنىڭدا ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئىلغار بولغان بىناكارلىق قۇرۇلۇش سەنئىتى نامايان قىلىنغانىدى.

ئېيفېل تۆمۈر مۇنارىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 125 مىڭ كىۋادرات مېتىر، ئېگىزلىكى320.7 مېتىر، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 7000 تونىنا كېلىدۇ. ئۇ 18038 پارچە ئەلا سۈپەتلىك پولات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com







دېتال ۋە 2 مىليون 590 مىڭ تال مىخ بىلەن پەرچىنلەش ئارقىلىق ياسالغان. مۇنارنىڭ ئاستى قىسمىدىكى تۆت پۇتى سىرتقى تەرەپكە كېڭەيگەن بولۇپ، يەر يۈزىدىكى دائىرىسى 100 مېترلىق چاسا شەكىل ھاسىل قىلغان. مۇنارنىڭ پۇتلىرىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا تاش بىلەن قوپۇرۇلغان تىرەك قويۇلغان، يەر ئاستىغا ئارىلاشما قېتىشمىدىن ئۇل سېلىنغان. مۇنارنىڭ ئاساسلىق قىسىم گەۋدىسىنىڭ يەر يۈزى بىلەن 57.6 مېتىر ، 115.7 مېتىر ۋە 276.1 مېتىر بولغان ئارىلىقتىكى يېرىگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا پەشتاق ياسالغان بولۇپ، بۇنىڭ 1 - قەۋىتىنىڭ ھەجمى ناھايىتى چوڭ ، يىغىن زالى، كىنو قويۇش زالى، رېستوران، قەھۋەخانا، ماگىزىن قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان؛ 2 - قەۋىتىدە پوچتىخانا، تېلېفونخانا، بولكا دۇكىنى ۋە رەسىم كارىدورى بار؛ 3 - قەۋىتى مەنزىرىلەرنى كۆرۈش پەشتىقى ھېسابلىنىدۇ؛ يەر يۈزىدىن 300 مېتىر ئېگىز جايدىكى 4 - پەشتاقتا بىر ھاۋارايى پونكىتى بار؛ مۇنارنىڭ ئاستىدىن چوققىسىغىچە 1711 پەلەمپەي ياسالغان. بۇنىڭدىن باشقا، تۆت ئورۇندا چىقىرىش - چۈشۈرۈش ماشىنىسى(دەسلەپتە پار بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلگەن، كېيىن 50 تىن 100 گىچە ئادەم سىغدىغان لىفىتقا ئۆزگەرتىلگەن) بولۇپ، ھەر قايسى پەشتاقلارغا قاتناپ تۇرىدۇ. تۆت لىفىت ھەركۈنى نەچچە مىڭ ساياھەتچىنى ئېگىزلىكتىكى بوشلۇققا ئېلىپ چىقىدۇ، ساياھەتچىلەر مۇنار ئۈستىدە پارىژغا ئېگىزدىن نەزەر سالالايدۇ. يەنە 1711 پەلەمپەيىنى دەسسەپ پەسكە چۈشكىلىمۇ بولىدۇ. مۇنارغا بىرلا ۋاقىتتا 10416 ساياھەتچى سىغىدۇ. 1959 - يىلى ئۈستى قىسمىغا رادىيو ئانتېنناسى ئورنىتىلىپ، مۇنارنىڭ ئومۇمىي ئېگىزلىكى 320 مېترغا يەتكەن. مۇنارنىڭ تۆت تەرەپتىكى يۈزىگە [illegible] نەپەر پەن - تېخنىكا ئالىمىنىڭ ئىسمى ئويۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۆمۈر مۇنار قۇرۇلۇشى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئۇنى قوغداشقا تۆھپە قوشقان كىشىلەردۇر.

ئېيفېل تۆمۈر مۇنارى قۇرۇلۇشىغا 1887 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئىش باشلىنىپ، 1889 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قۇرۇلۇش تاماملانغان بولۇپ، جەمئىي 21 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىنغان؛ بۇنىڭغا 50 نەپەر ئارخىتېكتور ۋە لايىھەلىگۈچى 5300 پارچە لايىھە سىزغان؛ 250 مىڭ ئىشچى قىش ۋە ياز پەسلىدە ئىزچىل تۆردە توختىماستىن ئىشلىگەن. 1889 - يىلدىن بۇرۇن، ئىنسانلار ياسىغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ئېگىزلىكى ئەزەلدىن 200 مېتىردىن ئاشمىغانىدى. ئېيفېل تۆمۈر مۇنارنىڭ ياسىلىشى ئارقىلىق، ئادەم كۈچى ئارقىلىق ياسىلىدىغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ئېگىزلىكى بىردىنلا 300 مېترغا ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇ يېقىنقى زامان قۇرۇلۇش تېخنىكىسى تارىخىدىكى بىر زور مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ، 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى بىناكارلىق ئىلمى ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش تېخنىكىسىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئېيفېل تۆمۈر مۇنارنىڭ بارلىققا كېلىشى، مېتال قۇرۇلما ئارقىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئېگىزلىكىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرگەن. تۆمۈر مۇنار ياسىلىپ بولغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى پارىژ شەھىرى ئاسمىنىنىڭ گورىزېنت سىزىقىنى بۇزىۋەتتى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكەنىدى. ئەمما ھازىر ئېيفېل تۆمۈر مۇنارنىڭ ھەيۋەتلىك ئوبرازى پارىژنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالدى.

گۇستاۋ ئېيفېل ( 1832 ـ 1923 ) ئارمىيەدىكى بىر مەمۇرىي خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 12 يېشىدا خان جەمەتى ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان، 20 يېشىدىن باشلاپ مەركىزىي ھۈنەر - سەنئەت مەكتىپى ھەم بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، خىمىيە كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئىشقا ئورۇنلىشىش قىيىن بولۇش سەۋەبىدىن كەسىپ ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇپ، غەربىي تۆمۈريول شىركىتىدە كۆۋرۈك ياساش ئىنژېنېرى بولغان. پارىژدىكى تۆمۈر مۇنارنى ياساشتىن بۇرۇن، ئۇ فرانسىيە، پورتۇگالىيە، پېرۇ، مىسىر، رۇمىنىيە قاتارلىق جايلاردا نەچچە ئونلىغان تۆمۈر يول كۆۋرۈكلىرىنىڭ لايىھەسىنى تاماملىغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پورتۇگالىيەدىكى دۇرو دەرياسىغا سېلىنغان، ئۇزۇنلۇقى 160 مېتىرلىق پولات ئەگمە كۆۋرۈك، ھەمدە فرانسىيەنىڭ

جەنۇبىدىكى تروپىر دەرياسىغا سېلىنغان، سۇ يۈزىدىن ئېگىزلىكى 120 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 162 مېتىر كېلىدىغان تۆمۈر يول كۆۋرۈكى ئەڭ داڭلىق كۆۋرۈكلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشلاردا ئېففېلنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا ماھىر، دادىللىق بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىدىغان پەۋقۇلئاددە ئىجادچانلىقى ۋە ئەستايىدىل، توغرا تەشكىللەش ئىقتىدارى ھەم ئەمەلىي ئىشلەش ئىقتىدارى ئىپادىلەنگەن.

ئېففېل تۆمۈر مۇنارى نۇرغۇنلىغان پارچە دېتاللاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا مۇنارغا سەپلىنىدىغان ھەر بىر قۇرۇلۇش بۆلىكىگە تەپسىلىي ھالدا نومۇر سېلىنغان، شۇڭا ئۇلارنى قوراشتۇرۇشمۇ ئوڭۇشلۇق بولغان. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، تۆمۈر مۇنارنىڭ دەسلەپكى چېرتيوژى 5300 پارچىدىن ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە 1700 پارچە تولۇق لايىھە بار. ياسىلىپ بولغاندىن كېيىنكى مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 300 مېتىر بولۇپ، 1930 ـ يىلىغا كەلگىچە ئۇ باشتىن ـ ئاخىر دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز قۇرۇلۇش ھېسابلانغان. دۇنياۋى كۆرگەزمە ئۈچۈن سېلىنغان بۇ مېتال قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇش تاكى كرېسلى سارىيى قەد كۆتۈرگەنگە قەدەر، دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز قۇرۇلۇش بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى 45 يىل ساقلاپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ تۆمۈر مۇنارغا رادىيو ۋە تېلېۋىزور ئانتېنناسى ئورنىتىلىپ، مۇنارنىڭ ئومۇمىي ئېگىزلىكى 320 مېتىرغا يەتتى. مۇنارنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندا، پۈتكۈل پارىژ شەھىرى ئۇنىڭ ئاستىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھەر كۈنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن پارىژغا كەلگەن ساياھەتچىلەر مۇنارغا ھەۋەس قىلىپ، ئۇنى ساياھەت قىلىدۇ. 1988 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ «تۆمۈر ئايال» بەش چوڭ قىتئەدىن كەلگەن ساياھەتچىلەردىن 123 مىليون ئادەم (قېتىم)نى كۈتۈۋالغان. 1989 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئېففېل تۆمۈر مۇنارى دەل 100 ياشقا كىرگەن كۈن بولۇپ، پارىژدىكى تۆمۈر مۇنار باشقۇرۇش شىركىتى تەنتەنىلىك خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، 100 يىل ئىلگىرى ئېففېل كىشىلەرنى باشلاپ مۇنارغا چىققان چاغدىكى تارىخىي كۆرۈنۈشنى قايتىدىن نامايان قىلغان: ئۈچىسىغا قارا رەڭلىك مۇراسىم كىيىمى، بېشىغا كەڭ گىرۋەكلىك مۇراسىم شىلەپىسى كىيىپ، قولىدا دۆلەت بايرىقىنى كۆتۈرگەن «ئېففىل» ۋە 30 نەپەر «ئۇقۇمۇشلۇق زات» ھەم «قۇرۇلۇش ئىشچىسى» تەنتەنىلىك شادلىق سادالىرى ئىچىدە مۇنار ئۈستىگە چىققان. «ئېففېل» ئۈچ خىل رەڭلىك بايراقنى مۇنار ئۈستىگە قادىغان چاغدا، 21 ھۆرمەت توپى تەڭلا تەكشى ئېتىلىپ، كەپتەرلەر مۇنار ئەتراپىدا پەرۋاز قىلىپ، رەڭلىك شارچىلار كۆك ئاسماندا لەيلىگەن؛ تۆمۈر مۇنارنىڭ 2 ـ قەۋىتىدىكى پەشتاقنىڭ ئەتراپىدىكى ئايلانما رىشاتكىغا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يېزىقىدا «تۆمۈر مۇنارنىڭ 100 ياشقا كىرگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز» دېگەن رەڭلىك پىلاكات ئېسىلغانىدى.

1892 ـ يىلى بىر بولكا ياساش ئۇستىسى، ئېففېل مۇنارىنىڭ 363 ـ پەلەمپىيىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مېڭىپ چىققان؛ 1912 ـ يىلى بىر «قۇش ئادەم» ئۆزى ياسىغان قانات بىلەن مۇنار ئۈستىدىن ئۇچۇپ چۈشكەن. 1923 ـ يىلى تەنتەربىيە مەخسۇس سەھىپىسىنى يازىدىغان بىر يازغۇچى ۋېلسىپىت مىنىپ مۇنار ئۈستىدىن چۈشكەن؛ 1945 ـ يىلى بىر كىشى ئايروپىلان بىلەن مۇنار ئاستىدىكى تۈۋرۈكنىڭ ئارىلىقىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇچۇپ ئۆتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، بىر چاقلىق ۋېلسىپىت بىلەن مۇناردىن ئۆتۈش، تاغقا چىقىش تەنھەرىكەتچىلىرى مۇنارغا يامىشىپ چىقىش قاتارلىق خىلمۇ خىل ئۆزگىچە ھادىسىلەر ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

2004 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگە قەدەر، 2012 ـ يىلى ياز پەسلىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئىلتىماس قىلىشتا، فرانسىيە پارىژ شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئېففېل تۆمۈر مۇنارى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق قىلىش ئەھۋالىنى ئالاھىدە تونۇشتۇردى. بۇ ئارقىلىق ئېففېل تۆمۈر مۇنارى بۇ دۆلەتنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئىلتىماس قىلىشى ۋە ئۆتكۈزۈشىدىكى «تەبىئىي ئېلان»غا ئايلاندى.

يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان، پارىژ شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئېففېل تۆمۈر مۇنارىنى ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلدى. 1985 ـ يىلىدىكى مىلان بايرىمىدىن باشلاپ، مۇنارغا يورۇتۇش ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلىپ، ئۇ تېخىمۇ ھەيۋەت تۈسكە كىرگۈزۈلدى؛ كەچقۇرۇنلىرى مۇنارنىڭ ئەتراپىدا ئالتۇن رەڭلەر جۇلالىنىپ، ناھايىتى كۆركەم مەنزىرە ھاسىل بولىدۇ.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 716 ـ نومۇر «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى رېداكسىيەسىدىن)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com

www.uyghurkitap.com



# بوي ۋە ئىنسانىيەت

● پەردە تۇردى

تەتقىقاتچىلار ئىنسانلارنىڭ بويى ھەققىدە ئىزچىل تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارماقتا. يىلدىن يىلغا بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭى تەتقىقاتلار ئادەم بويى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك سىرلارنى ئاشكارىلاپ، بەدەننى چۈشىنىش، بەدەنگە مۇئامىلە قىلىشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلىمەكتە. تۆۋەندە بىز ئەنە شۇنداق بىر قىسىم يېڭىچە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا بوي ۋە ئىنسانىيەت ھەققىدىكى بىر نەچچە تۈرلۈك باياNLىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

تەتقىقات نەتىجىلىرى ئادەمنىڭ كەچتە پاكارلاپ قالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. ھەقىقەتەن، ئادەمنىڭ كەچتىكى بوي ئېگىزلىكى سەھەردە ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرغان چاغدىكى بوي ئېگىزلىكىدىن تەخمىنەن بىر سانتىمېتىردەك پاكار بولىدۇ. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟ ئەسلىدە بۇنى ئادەمنىڭ ئومۇرتقا تۈۋرۈكى ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئۆزگىرىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولىدۇ. كۈندۈزى ئادەم ئۆرە تۇرىدىغان بولغاچقا يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى (ئېغىرلىق كۈچى) نىڭ تەسىرىدە ئومۇرتقا ئارىلىق تەخسىسى بېسىلىپ نېپىزلەپ ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قىسقىراپ كېتىدۇ. كېچىدە يېتىپ ئارام ئالىدىغان بولغاچقا ئومۇرتقا ئارىلىق تەخسىسىنى بېسىپ تۇرىدىغان كۈچلەر يوقىلىدۇ، بىر كېچىلىك دەم ئېلىشتىن كېيىن ئومۇرتقا ئارىلىق تەخسىسىنىڭ قېلىنلىقى ئەسلىگە كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ بويى سەھەردە ئورنىدىن تۇرغان چاغدا ئەڭ ئېگىز بولىدۇ.

يەنە بىر قىسىم ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىرسىيەت گېنى ئادەمنىڭ بوي ئېگىزلىكىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىل بولۇپ، موھىملىقى %60 تىن %80 كىچە سالماقنى ئىگىلەيدۇ، قالغىنى مۇھىت ئامىلى (ئوزۇقلۇق ۋە چېنىقىش) نىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىسىنىڭ بويى ئېگىز بولسا بالىلىرىنىڭ بويى ئېگىز بولۇش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ، ئالىملار بوي ئېگىزلىكىنى ئالدىن مۆلچەرلەش ھەققىدىكى بىر تەخمىنىي فورمۇلانى ئوتتۇرىغا قويدى. قىزلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتىسىنىڭ بوي ئېگىزلىكىدىن بەش دىيۇيم (12.7 سانتىمېتىر)نى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئاپىسىنىڭ بوي ئېگىزلىكى بىلەن قوشۇپ چىقارغان ئوتتۇرىچە قىممەتكە ئىككى دىيۇيم (5.08 سانتىمېتىر) نى قوشسا ياكى ئېلىۋەتسە قىزلارنىڭ تەخمىنىي بوي ئېگىزلىكى چىقىدۇ. ئوغۇللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا: ئاپىسىنىڭ بوي ئېگىزلىكىگە بەش دىيۇيم (12.7 سانتىمېتىر) نى قوشقاندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ بوي ئېگىزلىكى بىلەن قوشۇپ چىقارغان ئوتتۇرىچە قىممەتكە ئىككى دىيۇيم (5.08 سانتىمېتىر)نى قوشسا ياكى ئېلىۋەتسە ئوغۇللارنىڭ تەخمىنىي بوي ئېگىزلىكى چىقىدۇ. ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا تەتقىقاتچىلىرى بوي ئېگىزلىكىنى كونترول قىلىدىغان بىر خىل گېن HMGA2 گېنىنى بايقىدى، باشقا بوي گېنلىرى ھازىرچە تېخى بايقالمىدى.

يەنە بىر خىل تەتقىقاتتا، گېننىڭ ھەممىنى بەلگىلىيەلمەيدىغانلىقى مەلۇم بولغان. ئەلۋەتتە، گېنلار ئادەمنىڭ بوي ئېگىزلىكىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، بىراق، بۇ گېننىڭ ھەممىنى بەلگىلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بوي ئېگىزلىكى تەڭپۇڭ ئوزۇقلىنىش، مۇۋاپىق ھەرىكەت ۋە ياخشى بولغان تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق ئامىللار بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن 18- ۋە 19- ئەسىرلەردە ئامېرىكا دۇنيا بويىچە ئوتتۇرىچە بوي ئېگىزلىكى ئەڭ يۇقىرى دۆلەت ئىدى، ھازىر گوللاندىيە ئىسمى - جىسمىغا لايىق «گىگانت ئادەم» لەر دۆلىتى بولۇپ قالدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، گوللاندىيە ئەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە بوي ئېگىزلىكى 183.8 سانتىمېتىر، ئاياللىرىنىڭ 170. 6 سانتىمېتىر كېلىدىكەن. گوللاندىيەلىكلەرنىڭ بويىنىڭ ئېگىز بولۇشىنىڭ سىرى ئېھتىمال يېمەك - ئىچمەكتە بولۇشى مۇمكىن، ئامېرىكىلىقلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكىدە قەنت ۋە مايلار بەك كۆپ، مېۋە - چېۋە ۋە كۆكتاتلار بولسا يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ، ئەمما گوللاندىيەلىكلەرنىڭ يېمەك - ئىچمىكىدە سۈت مەھسۇلاتلىرى ۋە بېلىق تۈرىدىكىلەر مول بولۇپ ئاقسىلنىڭ قوبۇل قىلىنىشى يېتەرلىك بولۇۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ باشقا ئادەم تۇغۇلۇپ بىرىنچى يىلى بويىنىڭ ئۆسۈشى ئەڭ تېز بولىدىغانلىقى، 40 ياشتىن باشلاپ «كىرىشىش»كە باشلايدىغانلىقىمۇ مەلۇم كىشىلەرگە ئايان بولماقتا. ھەقىقەتەن، بوۋاقلار تۇغۇلۇپ بىرىنچى يىلى بويىنىڭ ئۆسۈشى ئەڭ تېز بولۇپ، 25 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. بىر ياشتىن ئىككى ياشقىچە تەخمىنەن 12 ~ 13 سانتىمېتىر ئۆسىدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ياشلىق مەزگىلىگىچە بويىنىڭ ئۆسۈشى خېلى تېز بولىدۇ، بىراق سۈرئىتى مۇقىملىشىپ قالىدۇ. ھەر يىلى ئوتتۇرىچە 5 ~ 7 سانتىمېتىر ئۆسىدۇ. نۇرغۇن ئاتا- ئانىلار بالىلىرىنى بىر ئۇخلاپ قوپۇپلا بىر ئاز ئۆسۈپ قالىدۇ دېيىشىدۇ، گەرچە بۇ سۆزلەر بىر ئاز ئاشۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ يەنىلا بەلگىلىك دەرىجىدە ئاساسى بولىدۇ. چۈنكى ئۇخلىغاندىن كېيىن ئۆستۈرگۈچى ھورمونلارنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشى ناھايىتى كۈچىيىپ، بوۋاقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەمما، 40 ياشتىن كېيىن ئادەمنىڭ بويى «كىرىشىش» كە باشلايدۇ. شۇنداقلا بۇنداق «كىرىشىش» جەريانى كىشىلەر-




نىڭ ئۆيلىنىشىدىن خېلىلا بالدۇر باشلانغان بولىدۇ. ئالىملارنىڭ كۆرسىتىشىچە، مەيلى ئەرلەر بولسۇن ياكى ئاياللار بولسۇن 40 ياشتىن كېيىن بوي ئېگىزلىكى تەدرىجىي ھالدا «كىرىشىش» كە باشلايدۇ، ھەر 10 يىلدا تەخمىنەن 0.5 ديۇيم (1.27 سانتىمېتىر) تۆۋەنلەيدۇ. بۇ ئاساسلىقى ئومۇرتقا ئارىلىق تەخسىسىنىڭ ئۆزگىرىپ نىپىزلەپ كېتىشىدىن پەيدا بولىدۇ. بىراق توغرا ھالەتنى ساقلاشقا دىققەت قىلىنسا ھەم بەزىبىر سوزۇلۇش ۋە كۈچ مەشىقلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرسا، بويىنىڭ «كىرىشىش» گە تاقابىل تۇرغىلى بولۇشى مۇمكىن.

ئەمدى بوي بىلەن كېسەللىك مۇناسىۋىتى ھەققىدىمۇ توختىلىپ ئۆتمەكتىمىز. بۇمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆز بويىنى چۈشىنىشىگە مەلۇم ئىجابىي تەسىرلەرنى ئاتا قىلالايدۇ.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بويى ئېگىزلەر ئاسانلا راك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدىغانلىقى مەلۇم بولماقتا. ئەنگلىيەدىكى مەخسۇس ھەيز توختاپ كەتكەن ئاياللارغا قارىتىلغان بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، بەدەن ئېگىزلىكى بىلەن راك كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپى ئارىسىدا ئادەمنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە باغلىنىش مەۋجۇت بولىدىكەن، كونكرېتنى ئېيتقاندا، ئاياللارنىڭ بويى قانچە ئېگىز بولسا راك كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپى شۇنچە يۇقىرى بولىدىكەن، يەنى پاكار (بوي ئېگىزلىكى 1.55 مېتىردىن تۆۋەن) ئاياللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئېگىز (بوي ئېگىزلىكى 1.7 مېتىردىن يۇقىرى) ئاياللارنىڭ راك كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپى %37 يۇقىرى بولىدىكەن. بۇ ئېھتىمال ئېگىز بويلۇق ئاياللارنىڭ تېنىدە راكقا ئۆزگىرىدىغان ھۈجەيرىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆستۈرگۈچى ھورمونلارمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە رول ئويناپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا پاكار كىشىلەرنىڭ ئاسانلا يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدىغانلىقىمۇ دىققەتنى تارتماقتا. ھەقىقەتەن، تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بوي ئېگىزلىكى بىلەن يۈرەك سانجىقى، يۈرەك ئاغرىقى ۋە يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى قاتارلىق يۈرەك كېسەللىكلىرى ئارىسىدا بەلگىلىك مۇناسىۋەت بولىدىكەن. گوللاندىيە تەتقىقاتچىلىرى پۈتۈن دۇنيادىكى مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك 52 تۈرلۈك تەتقىقات دوكلاتلىرىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق تەتقىقاتقا چېتىشلىق 3 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئىچىدە پاكار (ئەرلەر 1.65 مېتىردىن، ئاياللار 1.52 مېتىردىن تۆۋەن) كىشىلەرنىڭ يۈرەك كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇش ياكى يۈرەك كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى ئېگىز (ئەرلەر 1.78 مېتىردىن، ئاياللار 1.68 مېتىردىن يۇقىرى) كىشىلەرنىڭكىدىن %50 يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. بىراق پاكار كىشىلەرمۇ بەك ئەنسىرەپ كەتمەسلىكى كېرەك، چۈنكى بوي ئېگىزلىكىگە سېلىشتۇرغاندا، باشقا ئامىللارنىڭ بولۇپمۇ، تاماكا چېكىشنىڭ يۈرەككە قارىتا زىيىنى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. گەرچە ئالىملار پاكار كىشىلەرنىڭ يۈرەك كېسەللىكلىرىگە ئاسان گىرىپتار بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى تېخىچە ئېنىق بېكىتەلمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا تۆۋەندىكىدەك قاراشلاردا بولماقتا. مەسىلەن، پاكار كىشىلەرنىڭ تاجىسىمان ئارتېرىيەسى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنچىكە بولغاچقا قان ئايلىنىشىدىن مەسىلە چىققان ھامان قان تومۇرلار ناھايىتى ئاسانلا توسۇلۇپ قالىدۇ؛ بويىنىڭ پاكار بولۇشى ئېھتىمال كىچىك چېغىدا ئوزۇقلىنىشنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىن بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن ئاسانلا كېسەللىكلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىشى مۇمكىن؛ يەنە بىر ئېھتىماللىق ھورمونلارنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى بولۇپ، بۇمۇ يۈرەككە زىيانلىق بولىشى مۇمكىن.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، بوي ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش، ئۆز بويىنىڭ سىرلىرىنى چۈشىنىش ئىنسانىيەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بوي ئالاھىدىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇھەررىر: نۇرگۈل روزى
ئېلخەت:1448746602@qq.com

# تۇرمۇش گېزىتى

## ئىرسىيەت ۋە كېسەللىك

بەزى كېسەللىكلەر ئىرسىيەتتىن كېلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىشىلەر گىرىپتار بولغان مەلۇم كېسەل «تۇغۇلۇشى بىلەن بىللە كەلگەن» بولىدۇ. ئۇنداقتا قايسى كېسەللەر ئىرسىيەت بىلەن ئەڭ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ؟ يېقىندا ئامېرىكا ئاتلانتا تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دوكتور جانفوشىنىڭ ئامېرىكىدىكى «ئاتا - ئانا» تور پونكىتىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە، تۆۋەندىكى كېسەللەرنىڭ ئىرسىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا سەل قارىماسلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ كېسەللەر:

**يۇقىرى قان بېسىمى:** تەتقىقاتلاردىن بايقىلىشىچە، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەر ئىككىلىسى يۇقىرى قان بېسىمىغا گىرىپتار بولغانلارنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 45% تىن يۇقىرى بولىدىكەن. شۇڭا، جەمەتىدە مۇشۇ كېسەل بارلار تۇزنى ئاز ئىستېمال قىلىپ، تەركىبىدە كالىيلىق يېمەكلىك مول كۆكتات، مېۋە - چېۋە (بانان، ياڭاق مېغىزى، پالەك) نى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشى كېرەككەن.

**قەنت كېسىلى:** ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇشۇ كېسەل بولغانلارنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ئەجدادلىرىنىڭكىدىن 15 ھەسسىدىن 20 ھەسسىگىچە يۇقىرى بولىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداقلار ھەر كۈنى بەدەن چېنىقتۇرۇشقا، يېمەكلىكنى تەڭشەشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەككەن. 45 ياشتىن ئاشقاندا چوقۇم ئۈچ يىلدا بىر قېتىم كېسىلنى تەكشۈرتۈپ تۇرۇشى كېرەككەن.

**زېققا كېسىلى:** ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە بۇ خىل كېسەل بولغانلارنىڭ، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 60% تىن ئاشىدىكەن. شۇڭا، ئەجدادلىرىدا مۇشۇ خىل كېسەل بارلار زىققىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغان مۇھىتتىن يىراق تۇرۇشى، ئۆزىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەككەن.

**ئەسەبىيلىشىش كېسىلى:** ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاتا - ئانىسىدىن بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ئون ھەسسىدىن 30 ھەسسىگىچە يۇقىرى بولىدىكەن. بۇنداقلار ئىچى تىت - تىت بولۇش، ئېغىرلىقى تۇيۇقسىز ئېشىپ كېتىش ياكى چۈشۈپ كېتىش، ئۇخلىيالماسلىق ياكى ئۇيقۇسى زىيادە كۆپ بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، چوقۇم دوختۇرغا كۆرۈنۈشى كېرەككەن.

**سۈت بېزى راكى:** ئېپىدېمىئولوگىيە تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئانىسى سۈت بېزى راكىغا گىرىپتار بولغان قىزلارنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 5% تىن 10% كىچە بولىدىكەن. بۇنداقلار ئەگەر ئەمچەك توپچىسىدا ھۆل تەمرەتكە پەيدا بولسا، سۈيۇقلۇق ئاقسا، قورۇلۇش كۆرۈلسە، دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىش كېرەككەن.



**ئاشقازان راكى:** ئاتا - ئانىسىدا بۇ خىل كېسەل بارلارنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ئۇلاردىن ئۈچ ھەسسە يۇقىرى بولىدىكەن. بۇنداقلار قەرەللىك دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئاشقازاننى ئاشقازان ئەينىكىدە تەكشۈرتۈشى ياكى ئاشقازاننىڭ چىقىش ئېغىزى تاياقچە باكتېرىيەسىنى تەكشۈرتۈشى كېرەككەن.

**ياشانغانلاردىكى دېۋەڭلىك:** ئاتا - ئانىسىدا بۇ كېسەل بارلارنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ئاتا - ئانىسىدا بۇكېسەل يوقلارغا قارىغاندا تۆت ھەسسە يۇقىرى بولىدىكەن. بۇنداقلار 50 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن چوقۇم قەرەللىك دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈشى كېرەككەن.

**سېمىزلىك كېسىلى:** ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ 25% تىن 40% ى ئىرسىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. شۇڭا ئاتا - ئانىسىدا بۇ خىل كېسەل بارلار دائىم بەدەن چېنىقتۇرۇپ تۇرۇشى ياغ ھەم تاتلىق يېمەكلىكلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى كونترول قىلىشى كېرەككەن.

**سۆڭەك ماددىسى بوشىشىش كېسىلى:** ئاياللارنىڭ سۆڭىكىنىڭ ساغلاملىقى ئانىسىنىڭكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىسىدا سۆڭەك ماددىسى بوشىشىش كېسىلى بارلار داۋاملىق كالتسىي، ۋىتامىنD مول بولغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىپ بېرىشى، كۆنگە قاقلىنىپ بېرىشى كېرەككەن.

مۇھەررىر: پەرىدە تۇردى
ئېلخەت: paridaturdi@126.com

# بىر بەتتە تۆت بەت

## هىندىستاندىكى «مىڭ كىشىلىك كىر يۇيۇش مەيدانى»

هىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىدىكى Dhobighat نىڭ مەنىسى «كىر يۇيغۇچىلارنىڭ پىرىستانى» بولۇپ، يەنە «مىڭ كىشىلىك كىر يۇيۇش مەيدانى» مۇ دېيىلىدۇ، 150 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ جاي دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئۆستى ئوچۇق كىر يۇيۇش مەيدانىدۇر. بۇ يەردىكى كىر يۇيۇش ئىشچىلىرى ھەر كۈنى يەتتە دوللار تاپالايدۇ، 700 نەچچە ئائىلىلىك «كىر يۇيۇش» قا تايىنىپ جان باقىدۇ.

بۇ كىر يۇيۇش مەيدانىدا جەمئىي 800 دىن ئارتۇق كىر يۇيۇش كۆلچىكى بار بولۇپ، 1000 غا يېقىن ئادەم بىرلا ۋاقىتتا كىر يۇيالايدۇ. كىر يۇيۇشتا پۈتۈنلەي ئادەم كۈچىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا شۇنداق. ھەر كۈنى سەھەردە ۋە قاش قارايغاندا، يۈزلىگەن - مىڭلىغان كىر يۇيۇش ئىشچىلىرى بۇ جايدا كىر يۇيۇپ، بومباينىڭ ئەڭ ئۆزگىچە بىر مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

«مىڭ كىشىلىك كىر يۇيۇش مەيدانى» بومباي شەھەر مەركىزىدىكى بىر شەھەر ئىچى تۆمۈريولى يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، شەھەر ئىچى تۆمۈريولىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان چوڭ كۆۋرۈكتىن بۇ مەنزىرىنى ئەڭ ياخشى كۆرگىلى بولىدۇ. كۆۋرۈكتە تۇرۇپ پەسكە قارىسىڭىز، كۆز ئالدىڭىزدا نەچچە يۈزلىگەن كىر يۇيۇش كۆلچىكى ۋە يۈزلىگەن-مىڭلىغان كىيىم قۇرۇتۇش خادىلىرى، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلۇۋاتقان تۈمەندىن ئارتۇق كىيىم-كېچەك نامايان بولىدۇ. كىيىملەرنىڭ ئاستىدىكىسى يۇندا كېچىپ تۇرۇپ، رەڭگارەڭ كىيىملەرنى ۋە يوتقان تاشلىرىنى ئۇۋۇلاپ يۇيۇۋاتقان سانسىزلىغان كىر يۇيۇش ئىشچىلىرى.

## پادىشاھقا ۋاكالىتەن جازالانغۇچى

بۇنىڭدىن 1600 يىل بۇرۇنقى ئېنگىلاندتا پادىشاھنى تەربىيەلەش زىل مەسىلە ئىدى. چۈنكى، پادىشاھ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «مۇقەددەس» ئىنسان بولغاچقا، ئۇنى تەربىيەلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇلارنى جازالىشىغا يول قويۇلماي، پەقەت تەربىيە ئارقىلىق قايىل قىلىش تەلەپ قىلىناتتى. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، ئەينى چاغدا پادىشاھ ئۇنىڭ باللىرى ئۈچۈن «ۋاكالىتەن جازالانغۇچى» دەيدىغان يېڭى كەسىپ مەيدانغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ خىزمىتى خاتالىق ئۆتكۈزگەن پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ باللىرى ئۈچۈن جازالىنىش ئىدى. بۇلار ئاق سۆڭەكنىڭ باللىرى ئىچىدىن تاللىنىپ، پادىشاھنىڭ باللىرى بىلەن بىلەن ئوقۇيتتى ھەم بىللە ئوينايتتى. بۇلار نوقۇل «ۋاكالىتەن» جازالىنىپلا قالماستىن، يەنە دائىم شاھزادىلەرگە ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ خاتا ئىش قىلىپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى .

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ ۋاقىتلاردا ۋاكالىتەن جازالانغۇچىلارنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن پادىشاھ ئۇلارنى ئەمەلگە تەيىنلەپ، يەر بۆلۈپ بەرگەن.

## دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن تۆت كېزەك 80 ياشقا كىردى

ئامېرىكا «ۋاشىنگتون كۈندىلىك پوچتا گېزىتى» نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، كامبىرج ۋىلايىتى (Cambridgeshire) دىكى مېيېرس (Myers) ئائىلىسىدىكى تۆت كېزەك تۇغۇلغاندىن تارتىپلا شۇ جايدىكى داڭلىق كىشىلەر ئىدى. ئېگىلىنىشىچە، ئۇلار كۆرۈشمىگىلى 12 يىل بولغان بولۇپ، يېقىندا قايتا جەم بولغان ھەمدە 80 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىنى بىرلىكتە تەبرىكلىگەن ۋە شۇنداقلا دۇنيادىكى يېشى ئەڭ چوڭ تۆت كېزەك بولۇپ قالغان.

ئەن بروۋنىڭ (Ann Browning) ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئىنىسى ئېرنېست مىلېس (Ernest Miles)، پائۇل (Paul)، مىكخائېل (Michael) تۆتى 1935 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تۇغۇلغان. ئۇلار تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن، ئەينى زاماندا مېدىتسىنا ئۇسكىنىلىرى تېخى ياخشى تەرەققىي قىلمىغان بولغاچقا، دوختۇرلار ئانىنىڭ قورسىقىدا ئۈچ كېزەك بار، دەپ پەرەز قىلغان ئىكەن.

مىيرېس ئائىلىسىدىكى تۆت كېزەكنى ئانىسى ئۆيدە تۇغقان بولۇپ، ئۇنىڭ بالا تۇغۇش جەريانى قويۇق ئەنگلىيە پۇرىقىغا ئىگە ئىدى، يەنى ئۇ ھەر بىر بالىسىنى تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن بىر ئىستاكان چاي ئىچىپ ئېنېرگىيە تولۇقلىغان.

تۆت كېزەك تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگلىيە پادىشاھى گېئورگې V (V George) نىڭ قۇلىقىغا يەتكەن، پادىشاھ مىيرېس ئائىلىسىگە خەت ئەۋەتىش بىلەن بىرگە يەنە تۆت فونستېرلىڭ قەغەز پۇل ئەۋەتىپ خاتىرە سوۋغا قىلغان.

مىيرېس ئائىلىسىدىكى بۇ تۆت كېزەكنىڭ ھازىر جەمئىي 13 بالىسى، 23 نەۋرىسى، ئۈچ ئەۋرىسى بار. گەرچە بۇ تۆت قېرىنداش 12 يىل بۇرۇن بىر قېتىم كۆرۈشكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا ناھايىتى ياخشى، ئۇلار ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلار كېلەر قېتىم 90 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىنى بىللە ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## كوڭۇلدىكىدەك ئائىلىنىڭ ئاددىي ئۆلچەملىرى

1. ئەر - ئايال بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىدىغان، كۆيۈنىدىغان، بىر - بىرىگە ئىشىنىدىغان بولۇش ؛
2. ئائىلىنى ئەركىنرەك، ئىلمىي باشقۇرۇش ؛
3. بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئائىلە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ؛
4. ئائىلە ئەزالىرى ئىدىيەدە، ئۆگىنىشتە، كەسىپتە بىر - بىرىنى ئىلھاملاندۇرۇش، ئۈزلۈكسىز ئالغا باسقان بولۇش؛
5. ئەر - ئايال تۇرمۇشتا ئۆز ئارا ماسلاشقان بولۇش؛
6. قۇدا - باجا، ئۇرۇق - تۇغقانلار مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدىغان بولۇش .

مۇھەررىر: پەرىدە تۇردى
ئېلخەت: paridaturdi@126.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





# مەكتەپكە ئۆملەپ كېلىمەن

ئامېرىكىدا لوك ئىسىملىك بىر باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى بار ئىدى. ئۇ يېڭى مەۋسۇمدە بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن: «سىلەر 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە 150 مىڭ سۆزلۈك كىتابنى ئوقۇپ بولالىساڭلار، شۇ كۈنى ئىشقا ئۆملەپ كېلىمەن» دېگەن ۋەدىنى جاكارلىدى.

ۋەدە جاكارلانغاندىن كېيىن، مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ھەتتا، مەكتەپكە قاراشلىق باللار باغچىسىدىكى چوڭراق باللارمۇ بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى. نۇرغۇن ئادەمنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە 150 مىڭ سۆزلۈك كىتاب ئوقۇپ تۈگىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىرقىسىم ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ مۇدىرىغا تېلېفون قىلىپ: «سىز گېپىڭىزدە تۇرۇپ ئۆملەمسىز؟» دېدى. بەزىلەر ئۇنىڭغا ھاي بېرىپ: «سىز ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى قوزغاش مەقسىتىڭىزگە يەتتىڭىز، ئۆملىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېدى. بىراق ئۇ قەتئىيلىك بىلەن: «گەپ ئېغىزدىن چىقىدۇ، جانمۇ ئېغىزدىن. مەن چوقۇم مەكتەپكە ئۆملەپ بارىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

لوك ئۆيىدىن كۈندىكىدەك ئەتىگەن سائەت يەتتىدە چىقتى. ئەمما، ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇ مەكتەپكە ماشىنىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆملەپ مېڭىشقا باشلىدى. لوك بىخەتەرلىكىنى ۋە قاتناشقا دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن چوڭ يولدا ئەمەس، يول بويىدىكى چىملىقتا ئۆمۈلەپ ماڭدى. ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارنىڭ شوپۇرلىرى گۇدۇك چېلىپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى. ھاتتا بەزى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ مۇدىرىغا قوشۇلۇپ بىللە ئۆملىدى، ئەتراپىنى مۇخبىرلار قاپلىدى.

لۇكنىڭ ئۆيى بىلەن مەكتەپنىڭ ئارىلىقى 1. 6 كىلومېتىر ئىدى. مەكتەپ مۇدىرى لوك بۇ مۇساپىنى ئۆملەپ بېسىش ئۈچۈن ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلدى. قار ياغقان مەزگىل بولغاچقا بەش جۈپ پەلەي ئۇپۇرىدى، تىزلىقمۇ يىرتىلىپ كەتتى.

مەكتەپ مۇدىرى ئۆملىگەن ھالدا مەكتەپكە كىرىپ كەلگەندە بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ، چاۋاك چېلىپ، قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا، بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى. باللار توپ - توپى بىلەن ئولىشىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى...

(«خەلق گېزىتى» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلغان «ياخشى ھېكمەتلەردىن ياخشى ئادەت يېتىلەر» ناملىق كىتابتىن قومۇل 13 - دېۋىزىيە ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپ 6 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى سابىرە ئابدۇغوپۇر تەرجىمىسى)

مۇھەررىر: نۇرگۈل روزى
ئېلخەت: 1448746602@qq.com

# ئېھتىرام ۋە ئۈمىد



پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:

58 - 50

WWW.YURNAL.COM

E-MAIL: YASHLIK@126.COM

«شىنجاڭ ياشلىرى - كارخانىچى»، «شىنجاڭ ياشلىرى - ئىستۇدېنت»، «شىنجاڭ ياشلىرى - تەپەككۇر» ژۇرناللىرىنى سېتىۋالماقچى بولسىڭىز، ژۇرنىلىمىز تەھرىراتى ۋە «بۇلاق» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر گېزىت-ژۇرناللار نەشرىياتى: 2818445، 0991-2817081

ئۈرۈمچى «بۇلاق» كىتابخانىسى: 0991-8521633 13899801709

يانفونىڭىزدا ئىككىلەمچى كودلارنى سكانېرلاپ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ۋە «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۈندىدار سالونىنى قوشۇۋېلىڭ!

پارچە باھاسى: 10.00 يۈەن مۇشتەرى باھاسى: 8.00 يۈەن